TURAN KİTAPLIĞI

مۇھەممەتئىمن قۇربانى ( ئىشقى )

# قەشقەر تەزكىرىسىدىن تەرمىلەر

(ماقالىلەر توپلىمى)

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

喀什葛尔地名拾零:维吾尔文/穆罕买提依明·库尔班著.—喀什:喀什维吾尔文出版社,1999.9
ISBN7—5373—0728—8

Ⅰ.喀... Ⅱ.穆... Ⅲ.地名—新疆—喀什地区—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.K924.52

中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第41604号

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮政编码:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 1/32开本 3.875印张 2插页
1999年8月第1版 1999年8月第1次印刷
印数:1——5080 定价:5.00元



مۇھەممەتئىمىن قۇربانى ( ئىشقى )

( 1990 —1914 )

Abdülcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

هەرقانداق بىر مىللەت ئولتۇراقلاشقان بىر يۇرتنىڭ ئۆزگىچە نامى ، ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى ، شۇ مىللەتنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچلۇق تارىخىي شارائىتتا بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرى ، سەرگۈزەشتلىرى بولىدۇ . بۇ ناملار ، ئويۇنلار ، قىسمەتلەر ۋە سەرگۈزەشتلەر بىرەر جاينىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ ، ئويۇنلار داۋاملىشىپ ، قىسمەتلەر ۋە سەرگۈزەشتلەر سۆز - چۆچەك بولۇپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە داۋاملاشسىمۇ ، لېكىن كۆپ ھاللاردا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ .

مەشھۇر « يىپەك يولى » بويىغا جايلاشقان قەدىمىي قەشقەر شەھىرىدە تارىختا خىلمۇخىل مەدەنىيەت ، تۈرلۈك دىنلار ئۆزئارا سىڭىشىپ تۈرۈشتەك پەۋقۇلئاددە شارائىت ئاستىدا يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت يارىتىلغان ھەمدە بۇ يەردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز بۇ مەدەنىيەتنى تۈرلۈك كۈچلەر ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، تۇرغۇن بەدەللەرنى بېرىپ ، تۈرلۈك مەدەنىيەت

مىراسپىلىرى ، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يوقىلىپ كېتىش خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، بۇلاردىن بىر قىسمىلىرىنى يېڭىلاپ ، بۇگۈنكى كۈنگە ئېلىپ كەلگەن .

« قەشقەر تەزكىرىسىدىن تەرمىلەر » دېگەن بۇ كىتابتا مەرھۇم پېشقەدەم ئەدىب ، جامائەتچىلىككە تونۇلغان تەزكىرىچى ، دادام مۇھەممەتئىمىن قۇربانى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى ، ئېنىق پىكىرلىك خاتىرىسى ئارقىلىق قەشقەرنىڭ يېقىنقى زاماندىكى قىسمەن جايلارنىڭ قىسقىغىنا تەزكىرىسىنى يېزىپ ، ئوقۇرمەنلەرگە كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكەن ، زاماندىن قالغان بەزى جايلارنىڭ نامىنى ئەينەنلىك بىلەن سۆزلەپ بېرىدۇ ، بەزى ئويۇنلارنى ئەسلىتىدۇ ، بەزى ۋەقەلەرنى يورۇتۇپ بېرىدۇ .

ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، سوتسىيالىزم يولىدا قولنى ـ قولغا تۇتۇشۇپ ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن ھەر مىللەت خەلقى قەشقەر شەھرىنى سىياسىي جەھەتتە مۇقىم ، ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللەنگەن ، ئىلىم ـ پەن ، مەدەنىيەت ، مائارىپ تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك زامانىۋى شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقماقتا . شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت شەھەرنىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئاساسىدا ، شەھەردىكى قەدىمىي ئاسارئەتىقە ، جايلارنىڭ

نامىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمەكتە. بۇ هال قەشقەردىكى هەر مىللەت خەلقى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، مىللىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مۇهىم رول ئوينايدۇ.

كىتابتا قەشقەردىكى بەزى كوچا - جايلارنىڭ نامىنىڭ ئاتىلىشى، بەزى ئويۇنلارنىڭ ئوينىلىشى، بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ بايان قىلىنىشى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن بولمىغان ياكى بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالغان قاراشلار بولۇشى مۇمكىن. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىد - تۈزىتىش بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەتئىمىن قۇربانى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

قەشقەر شەھىرىدىكى «نورىبېشى» ۋە «ئېگىز ئېرىقبېشى»
دېگەن ئورۇنلارنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ...... 1
قەشـقەر قىز - چوكانـلىـرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى
توغرىسىدا .................................... 5
قەشقەردىكى داڭلىق ئىككى مەدرىسە .............. 16
« قاراڭغۇ رەستە » ۋە ئۇنىڭ ئۆتمۈشى .............. 22
قەشقەر شەھىرىدىكى « ئوردائالدى » ۋە « ئەلچىخانا »
رەستىسى دېگەن نامىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ...... 28
« ئەركىن هايات گېـزىـتى » دىن « قەشقەر گېزىتى »
گىچە ............................................ 33
قەشقەرنىڭ 1930 - يىللاردىكى مائارىپى ۋە « مەدرىسە -
مەسـچىـتلـەردە ئىسـلاھـات ئېـلىـپ بېـرىش
هەيئىتى » ........................................ 37
ئىپتىخار ........................................ 48
ۋەتەنـپەرۋەر ئالىم ۋە شائىر ئابدۇقادىر ئابـدۇلـۋارىس
ئەزىزى ( قەشقەرى ) ............................ 54
خەلق سەنئەتكارى روزەكباشىنى ئەسلىگەندە ........ 61

.1

قەشقەر تارىخىدىكى « فېۋرال پاجىئەسى » .......... 75
ما فۇشىڭ ( ما تىتەي ) توغرىسىدا ئەسلىمە .......... 90
1930 ـ يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن يۇقۇملۇق كېسەل ـ
لىكلەر توغرىسىدا ئەسلىمە ........................ 98
قەشقەرنىڭ « ھەزرەت » سەيلىسى .................. 102
قەشقەرنىڭ 1933 ـ يىلىدىن 1946 ـ يىلىغىچە بولغان
مەتبەئەچىلىكى ۋە نەشرىياتچىلىقى .............. 108
چەت ئەلنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارشى كۈرەش ..... 112

# قەشقەر شەھىرىدىكى « نۇربېشى » ۋە « ئېگىز ئېرىقبېشى » دېگەن ئورۇنلارنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ھەرقانداق بىر جاينىڭ ئۆزىگە خاس نامى بولىدۇ. بۇ ناملار شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن قويۇلىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نام مەڭگۈلۈك نام بولۇپ قالىدۇ. قەشقەر شەھىرىدىكى «نۇربېشى» ۋە «ئېگىزئېرىقبېشى» دېگەن جاينىڭ نامىمۇ دەل شۇنداق.

« نۇربېشى » دېگەن نام نۇرنىڭ بېشى بولماستىن، بەلكى نۇر بېكىتىلگەن ئورۇننىڭ نامى. ئۇنداق بولسا، قەشقەر شەھىرىدىكى « نۇربېشى » دېگەن ئورۇن قايسى؟

1839 ـ يىلىدىن بۇرۇن، تۈمەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئاجرىتىلغان بىر ئۆستەڭ سۇ (بۇ ئۆستەڭ ئەينى ۋاقىتتا « شەھەر ئۆستېڭى » دەپ ئاتىلاتتى ) قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپى بىلەن ئېقىپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان « ئۆستەڭبويى » دېگەن جايدىن ئۆتۈپ شەرققە بۇرۇلۇپ كەڭ كەتكەن زاراتگاھلىقنى ئايلىنىپ، «قۇمئېرىق » مەھەللىسى

ئارقىلىق شەھەرنىڭ ئەينى چاغدىكى غەربىي دەرۋازىسى ــــ «تـوقـقـۇزاق ( تـوققۇز ئاق ) دەرۋازىسى » يېنىدىن شەھەر ئىچىگە كىرىپ ، ئېرىقـلارغا بۆلۈنۈپ كېـتەتـتى . ھازىرقى «بـەشئېرىـق مـەھەلـلىسى » ئەنە شۇ تارماق ئېرىقلارنىڭ بـىرى ئىـدى . زوھۇرىـددىن ھاكىمبەگ قەشقەر شەھىرىنى كېڭـەيتـكـەنـدىـن كـېيـىـن ، ئارىـلـىـقتىكى سېپىلنىڭ تـوسـقـۇنـلـۇقـىغا ئۇچرىغان شەھەر ئۆستىڭى پارچىلىنىپ ئېـرىـقلارغـا بـۆلـۈنـگەن ؛ شەھەرگە سۇ كىرىدىغان ئېرىق شـامـالـبـاغ كـەنـت يـولـىـنـى بويلاپ ئېلىنغان . سېپىل ۋە خـەنـدەكـنىڭ ئارىلىقىدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ يـول بـار بـولـۇپ ، بۇ يولنىڭ ئىككى قاسنىقى ئېگىز ئىدى . شـۇڭـا ، شـەھەرنـىـڭ سـۇسىز قېلىش خەۋپىمۇ بار ئىدى . زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، چـوڭ يـولـنـىـڭ ئۆستىگە بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ياغاچ نور بـېـكـىـتـكۈزگەن . يولۇچىلار نورنىڭ ئاستى بىلەن بىمالال مـاڭـالـىـغـاچـقا ، بـېـكـىـتـىـلـگـەن نـور قـاتـناشقا تەسىر يـەتـكـۈزمـىـگـەن . شـۇنـداق قـىـلىپ ، نور بېكىتىلگەن بۇ مـەھەلـلـىـنـىڭ نامى «نوربېشى » دەپ ئاتالغان . بۇ نوردىن ئۆتكەن سۇ سېپىل ئاستى بىلەن شەھەرگە كىرىپ ، تارماق ئېـرىـقلارغـا بـۆلـۈنـۈپ ئېـقـىـپ ، شـەھەرنـى سـۇ بـىـلـەن تـەمـىـنـلـىـگـەن . بـۇ نـور 97 يـىل تۇرغان ، 1936 ـ يىلىغا كـەلـگـەنـدە ، مەھمۇت مۇھىتى ( شىجاڭ ) ھەربىي ئېھتىياج تـۈپـەيـلـىـدىـن «يـۇمۇلاقشەھەر دەرۋازىسى » نى ئەمەلدىن قـالـدۇرۇپ ، يـۇقـىـرىدا ئېيتىلغان نورنىڭ يېنىدىن دەرۋازا ئاچـقـۇزغـان ، بـۇ دەرۋازا « نـوربـېـشـى دەرۋازا »سـى دەپ

ئاتالغان . ئۇ ، داگلىق ئۈستىلارنى تەشكىللەپ ، ياغاچ
نورنى ئېلىۋېتىپ ، سۇنى ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىن
تۆۋەنگە سەكرىتىپ ، ئاندىن يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىدىغان
دۇملىمە ئېرىق ياساتقان . بۇ ئېرىق (نور ) پىششىق خىش
ۋە دوغاپ بىلەن ئىنتايىن پۇختا قىلىپ ياسالغاچقا ، ئۇنىڭ
ئۈستىدىن هارۋا ، ئاپتوموبىل ئۆتسىمۇ نور هېچقانداق
تەسىرگە ئۇچرىماي ، سۇ راۋان ئېقىۋەرگەن . بۇ ئېرىق
تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە شەهەر ئىچىنى
سۇ بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن ئىدى . تۇرۇبا سۈيىنىڭ
ئومۇملىششى نەتىجىسىدە ، بۇ ئېرىق ئەمەلدىن قالدى ،
لېكىن بۇ جاينىڭ نامى هېلىمۇ «نوربېشى » دەپ
ئاتىلىپ كەلمەكتە .

« ئېگىز ئېرىقبېشى » ئەينى چاغدىكى قەشقەر
شەهىرىنىڭ غەربىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققا كەتكەن
«ئۆستەڭبويى » رەستىسىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدىغان بىر
ئېرىقنىڭ نامى . بۇ ئېرىق ئادەتتە يولدىن بىر يېرىم
مېتىرئېگىزلىكتە بولغانلىقتىن «ئېگىزئېرىق» دەپ ئاتالغان ؛
كىشلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەندە ، پەستىن ـ يۇقىرىغا
ئۆرلەپ يەنە پەسكە چۈشۈپ ماڭغاچقا ، ئۇنىڭ ئىككى
ياقىسى « ئېگىزئېرىقبېشى » دەپ ئاتىلاتتى . بۇ ئېرىق
شەهەر ئىچىگە سۇ كىرىدىغان نوربېشى ئېرىقىنىڭ بىر
تارمىقى بولۇپ ، بەزى جايلىرى كىشلەرنىڭ ئۆيلىرى
ئاستىدىكى ئېرىقتىن ئېقىپ ئۆتۈپ ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، بىر
تارمىقى هېيتگاھ جامەسى ئىچىدىكى كۆللەرگە قۇيۇلاتتى ؛
يەنە بىر تارمىقى جەنۇب تەرەپتىكى كۆللەرنى ، جۇملىدىن

ئۆستەڭبويى گۈزىرىدىكى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ چاپتۇرغان تۆشۈكچە كۆل ، غەزىنىچىبەگ مەھەللىسىدىكى تۇرۇمتاي كۆلى ، ئاق ئوردا ياكى ئارقا ئوردا ئالدى مەھەللىسىدىكى قۇربان دورغا چاپتۇرغان دورغابەگ كۆلى ، قارىقى ( قاراقىر ) دەرۋازىسى يېنىدىكى تۇردى شەيخ كۆلى ، شۇنىڭدەك ھېيتگاھ مەيدانى يېنىدىكى قۇمئېرىق (ھازىرقى ئەلچىخانا رەستىسى ) مەھەللىسىدىكى ئۆمەر ھېكىمبەگ چاپتۇرغان ئوردا ئالدى چوڭ كۆلى قاتارلىق كۆللەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى . گەرچە بۇ ئېرىق كوچا ئىسلاھاتىدا بۇزۇپ تاشلانغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىزلىرى ۋە « ئېگىزئېرىقبېشى » دېگەن نامى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى ، بۇ نام ھەتتا بىر ئاساسىي قاتلام ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نامى بولۇپ قالدى .



# قەشقەر قىز - چوكانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى توغرىسىدا

ھەرقانداق بىر مىللەت، ھەرقانداق بىر يۇرتنىڭ ئۆزگىچە نۇرغۇن ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىز - چوكانلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ ھەر خىل ئويۇنلار داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ خىل ئويۇنلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بىرقەدەر ئومۇملاشقىنى ئاساسلىقى تەپكۈچ ئويناش، قوۋۇز چېلىش، تاشتەرمەك ( چاكۇم ) ئويۇنى ۋە قول توپ ئويۇنىدىن ئىبارەت.

1. تەپكۈچ

تەپكۈچ پۇت ئويۇنلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تەپكۈچ مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى ئاشلانغان قوي تېرىسى، تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى مەلۇم ئېغىرلىقتىكى يۇمىلاق قوغۇشۇنغا بېكىتىش ياكى خورازنىڭ پەيلىرىنى چىرايلىق تىزىپ، تاسما بىلەن چېتىلغان يارماق، داچەن پۇلنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ، يىپ بىلەن مەھكەم چېگىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. تەپكۈچنى قولغا ئالغاندا ياكى تەپكۈچ

يەردە تۇرغاندا ئۇنىڭ تۆك، پەيلىرى ھەر خىل جۇلالىنىپ، قىز - چوكانلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. تەپكۈچ كۆز، قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە ئوينىلىدۇ، ئويۇن ئاساسىي جەھەتتىن مۇسابىقە شەكلىدە بولىدۇ، بۇ ئويۇن چاققانلىق، زېرەكلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، مەسە - كالاچ ياكى كەشىنىڭ توقۇچاق پاشنىسى بىلەن تېپىلگەن تەپكۈچ 60 — 70 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆرلەيدۇ، تەپكۈچ ئوينىغان قىز - چوكان بەللىرىنى ئەۋرىشىمدەك ئېگىپ، تال - تال ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى توققۇز كۆزى ياكى تىقىمىدا لەپىلدەتكىنىچە تەپكۈچنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ لەرزان تېپىدۇ. ئويۇن ئوينىغۇچىلار دۈگىلەك شەكىلدە تۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن تەپكۈچ ئوينىغۇچىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ماھارىتىنى كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە يېڭىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۆڭلىدە چارە ئويلايدۇ. تاماشىچىلارنىڭ بىر ئېگىزگە، بىر پەسكە قاراپ تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىۋاتقان كىرپىكلىرى خۇددى شېئىرىيەتتىكى «ئوقيا» نى ئەسلىتىدۇ ...

«بىرژا، ئىككا ... بەشا ... ئونا ... ئەللىك ... يەتمىش ...» دەپ خۇددى كاككۇك سايرىغاندەك سانىغان ئاۋاز «يۈز» دە توختىغاندا «بىر شەھەر ئالغان» لىق ياكى ئۇتقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر تەپكۈچ ئوينىغۇچى تەپكۈچنى 100 گە يەتكۈزەلمەي تەپكۈچ يەرگە چۈشۈپ كەتسە، تەپكۈچ ئوينىغۇچى ئالمىشىپ باشتىن باشلايدۇ. بۇ ئويۇن ئىنتايىن كەڭ ئەۋج ئالغان ھەم تەپكۈچ ئوينىغۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولغان بولغاچقا، تەپكۈچ

ئويـنـىـغـۇچىلار « رەقـىـبلىرى »دىن يېڭىلىپ قېلىشتىن ، بولۇپمۇ يېڭىلىپ قېلىشتىن تولۇقلىغان :

ئىزا ـ ئىزا ئەمەسمۇ ، دۆۋەت ، قەلەم ئەمەسمۇ ؟
مۇنداق ئىزا تارتقۇچە ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ ؟!

دېگەن قوشاقنى ئاڭلاشتىن بەكمۇ قورقۇشىدۇ . شۇڭا ، تەپكۈچ ئويـنـىـغـۇچىلار تەپكۈچ ئويۇنىنى ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، ئۆز نۆۋىتىدە قانغۇچە ماھارەت كۆرسىتىشىدۇ . يېڭىلىپ قالغانلار كۆپ ھەسرەت چېكىشىدۇ ۋە كېيىنكى ئويۇن نۆۋىتىدە :

مەن قاچان چوڭ بولىمەن ،
ئۇستام بىلەن تەڭ بولىمەن ؟!
سۆزىگە سۆز ياندۇرۇپ ،
دەردىمگە دەرمان بولىمەن ؟!

دېگەن قوشاقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوقۇپ ، ئۆزىنى خىجىللىقتىن ئاز ـ تولا قۇتۇلدۇرىدۇ ۋە ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ . دېمەك ، تەپكۈچ ئويۇنى ھەم كۆڭۈل خۇشى ، ھەم تەنتەربىيە پائالىيىتى بولۇپ قالماستىن ، بەلكى كىچىكلىكتىن باشلاپ چاققان ، زېرەك ئۆسۈشنىڭ شەرتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . ھازىر تەپكۈچ ياساپ ساتىدىغان كاسىپلار قالمىغان بولسىمۇ ، خورازنىڭ پېيىدە تەپكۈچ ياساپ ئوينايدىغان قىز ـ چوكانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ .

### 2 . قوۋۇز چېلىش

قوۋۇز چېلىش قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن. قوۋۇز تۇزۇلۇشى ئاددىي، ئاۋازى يېقىملىق بىر خىل كىچىك چالغۇ بولۇپ، ئۇنى مەخسۇس كاسىپلار ياسايتتى. ئۇ، كىچىككىنە ئەگمەچ تۆمۈردىن ياسىلاتتى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېكىتىلگەن قوبۇچ سىم (تىل) ئاۋاز چىقىرىش رولىنى ئوينايدۇ. بىر قول بىلەن قوۋۇزنىڭ سېپىنى تۇتۇپ، ئۇچىنى ئۈستى ـ ئاستى كالپۇك ئارىسىغا قىستۇرۇپ، ئىككى قول بىلەن «تىل»نى ھەرىكەتلەندۇرۇپ پۈۋلىگەندە، «تىل» قانچە تېز ھەرىكەتلەندۇرۇلسە، ئۇنىڭدىن شۇنچە يېقىملىق ئاۋاز چىقىدۇ. بىرقانچە قىز ـ چوكانلار بىر يەرگە ئولىشىپ ياكى چۆرىدىشىپ قوۋۇز چېلىشقاندا، قوۋۇزدىن چىققان مۇڭلۇق سادا قوۋۇز ئاڭلىغۇچىلارغا بىر خىل زوق بېغىشلايدۇ. قوۋۇز ئاددىي كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدا قەشقەر قىز ـ چوكانلىرى قوۋۇز چېلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇلار يالغۇز قالغاندا، قوۋۇز چېلىشنى مەشىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ مۇڭلۇق چېلىشقا تىرىشاتتى. دېمەك، قوۋۇز چېلىش قىز ـ چوكانلار ئارىسىدىكى كۆڭۈل ئاچىدىغان بىر خىل ئويۇن تۇرى بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەلۇم دەرىجىدە ماھارەت يېتىلدۇرۇش رولىغىمۇ ئىگە ئىدى. ئەپسۇسكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ئەنئەنىۋى ئويۇن تاشلىنىپ قالماقتا.

3 . تاشتەرمەك ئويۇنى

تاشتەرمەك ( چاكۇم ) ئويۇنى قەشقەر قىز ـ چوكانلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، ئۇ كىشىدىن چېچەنلىك، چاققانلىق تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل ئويۇن تۈرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى بۇ ئويۇن ئارقىلىق قىز ـ چوكانلارنىڭ زېھنىي كۈچى ۋە ئەدەبىي بىلىمىنىڭ قانچىلىكلىكىنى سىنايدىغان سورۇن ئىدى .

تاشتەرمەك بەش دانە شاپتۇل ئۇچكىسىنى تاشقا سۈرۈپ، سىلىقلاپ، ھەر خىل بوياش ئارقىلىق ياسىلىدۇ (قىز ـ چوكانلار ئۆزلىرى ياسىۋالىدۇ) . بىر مۇنچە قىز ـ چوكانلار ئولىشىپ، يۇمىلاق بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ، ئۇچكىلەرنى قول بىلەن ھاۋاغا ئېتىپ ئوينايدۇ، يەنى دەسلەپتە تاشتەرمەكنى يەرگە چاچىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر، ئىككى تال تاشتەرمەكنى قولىنىڭ ئۇچىدا ئېلىپ يەنە ھاۋاغا ئاتىدۇ، تاشتەرمەك ھاۋادا 60 ـــ 70 سانتىمېتىر ئۆرلەپ يەرگە چۈشكۈچە يەردىكى تاشتەرمەكتىن بىرنى ياكى ئىككىنى سىيپاپ ئېلىپ، ھاۋادىن چۈشۈۋاتقان قالغان تاشتەرمەكلەرنى تۇتۇۋالىدۇ . مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىۋاتقان ئويۇن داۋامىدا، ھەرقايسى باسقۇچلارغا ئاتاپ توقۇلغان بېيىت ـ قوشاقلار يىرگە ئېيتىلىپ، ئويۇنغا تېخىمۇ جانلىق تۈس كىرىدۇ :

« چاكۇم،
چاكۇم، تاماكۇم .
چاكۇم، مەن تېخى چاكۇمدىمۇ ؟!

بۆلىكى ــ قولىدا بىلەزۈكى .
ئۆزەم ،
ئۆزەم ، ئۆز مەلەم .
چولك ئۆزەم ، چولپان كۆزەم .
ئۈچ ئۆزەم ،
ئۈچنى مەن تولدۇرغۇچە ،
سېزىپ كېتەر قارا كۆزەم .
ئۈچنى ئۈچكە ئۈلسام ،
يېتەمدۇ قاشىنىڭ بويىغا ؟
سېنى مەن كىچىك دېسەم ،
چۈشتۈڭمۇ يارنىڭ كويىغا ؟
توك - توك ،
نەگە ماڭدىڭ توكۇلداپ ،
بارايمۇ كەينىڭدىن سوكۇلداپ .
قويشى ،
مەن قوياشنى ئالمەن .
بۇ چىنار ئېگىز چىنار ،
ئەگمەي تۇرۇپ شاخى سۇنار .
شاخى سۇنغاندىن كېيىن ،
بولبۇل كېلىپ نەگە قونار ؟!
مەڭزىنىڭ قىزىللىقى ،
باغىمدىكى ئالمىچە بار .
كۆزىنىڭ قارالىقى ،
مەكتەپتىكى سياچە بار .
بىر چۆنەككە گۈل تېرىدىم ،

بىر چۆنەككە سۇڭپىياز ،
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلىقىچۇن ،
بىزگە دائىم بولسا ياز .
چىنە - جانان ئىچىدە ،
ئالتۇن بېلىق يايرايدىكەن ،
بىزلىنى زالىم پەلەك ،
ئوتقا سېلىپ قىينايدىكەن .
باغدا مەچەك مەرەيدۇ ،
ئوت سەپ بەرسە بولامدۇ ؟
بىز چوڭ بولغان جاھاندا ،
ئويناپ كۈلسەك بولامدۇ ؟!
ئېگىز ئېرىقتىن سۇ چۈشتى ،
تاشقا تېگىپ شارقىراپ ،
بەختىمىز ئېچىلغايمۇ ،
قىزىلگۈلدەك پارقىراپ ؟
چىككى - چىككاڭ بىژشە ① » .

قوشاق ئويۇنغا ئەگىشىپ داۋاملىشىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، « بىر شەھەر ئالغان »لىق ياكى ئۇتقانلىق ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر ئارىلىقتا تاشتەرمەك يەرگە چۈشۈپ كەتسە ياكى قوشاقتا ئېزىپ كەتسە ، تاشتەرمەك ئويىنغۇچى ئالمىشىپ ، ئويۇننى يەنە قايتىدىن باشلايدۇ . دېمەك ، چاكۇم ئويۇنى كۆرۈنۈشتە ئاددىي بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن بېيىت - قوشاقلار ئىچىگە

① « بىژشە » بىر شەھەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

چوڭقۇر مەزمۇن ۋە خەلقىنىڭ يۈرەك - ئارزۇلىرى سىڭگەن. بۇ ئويۇن زامان ئېتىبارى بىلەن بارا - بارا چۈشۈپ قالماقتا.

4. قول توپ ئويۇنى

قەشقەر قىز - چوكانلىرىنىڭ ئويۇنلىرى ئىچىدە كەشتىلەنگەن قول توپ ئويۇنى قىز - چوكانلار، بولۇپمۇ قىزلار ئارىسىدا تېخىمۇ ئومۇملاشقان ئويۇن بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئوتتۇرا ھال ئالما چوڭلۇقىدىكى قول توپنى قىز - چوكانلار كالىلەكلەنگەن لاتا ئۈستىگە ھەر خىل يىپنى يۆگەپ، ئاندىن خىلمۇ خىل مەشۇت يىپ بىلەن ئۆشىاق بېجەش ئارقىلىق ياسايتتى، قىز - چوكانلارنىڭ قول توپنى ئۆزلىرى ياسىشى بىر تەرەپتىن ئويۇن ئېھتىياجىنى قاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىچىكىدىنلا قول ھۈنەر - سەنئەتنى ئۆگىنىۋېلىشىغا پايدىلىق ئىدى. قەشقەر قىز - چوكانلىرى قول توپ ئويناشنى ئىنتايىن قىزىقارلىق ۋە خۇشاللىق ھېس قىلىشاتتى. قول توپى ئويناپدىغان قىز - چوكانلار يۇملاق دائىرە ھاسىل قىلىشىپ، نۆۋەت بىلەن بىردىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، توپنى يەرگە ئۇرۇپ، توپ قاڭقىپ چىققاندا، توپنى قولىنىڭ دۈمبىسىدە سەل توختىتىۋېلىپ، ئاندىن توپنى ئالقىنىغا چۈشۈرۈپ يەرگە ئۇراتتى. بۇ خىل ئويۇن مۇسابىقە شەكلىدە بولۇپ، «بىر شەھەر» ئالسا ئۇتقانلىق بولۇپ، يېڭىدىن يەنە باشلىناتتى. ئەگەر توپ يېرىم يولدا قېچىپ كەتسە، توپ ئويناۋاتقۇچى ئالمىشاتتى. ئويۇننىڭ شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىشىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، بېيىت -

قوشاقلارمۇ ئېيتىلاتتى :

« چىگىچى بۇغدايچى ،
خەمىكى دۇغدايچى .
سۇۋىنى سۇۋادا قوي ،
سۇۋىنىڭ قايىسى قىزى ؟
ئەڭ كىچىك ئۇپا قىزى .
ئۇپىنى نەدىن ئالادۇر ؟
بېگىچەنىڭ باغىدىن ،
بېگىچە كىمگە تېگەدۇر ؟
ئۇستا قوۋان تازغا تېگۇر .
ئۇستا قوۋان تازنىڭ نېمىلىرى بار ؟
ئالتۇن - ئالتۇن قۇشلىرى بار .
قۇشلارنى قۇشلايلى ،
تاز باشىغا مۇشتلايلى .
ئالتە پۇللۇق رەڭ ئېلىپ ،
تاز باشىنى بويايلى .
ئۇچۇپ چىقتىم هاۋاغا ،
سەكرەپ چۇشتۇم دەرياغا .
دەريا سۈيى قويالدى ،
پاتمىچۇقلار تېپىشتى .
بىرىنىڭ ئېتى كۇمۇلا ،
بىرىنىڭ ئېتى چۇچۇلا ،
بۇ ئىككىسى قېرىسا ،
ئاقساقال بوۋا بولا .

بوۋىنى بوۋا دېمەگىلا ،
بوۋا ھەر خىلدا بولا .
بوۋىنىڭ بىر تال تۈكى ،
ئېشەككە ئارغامچى بولا .
پاتمىخانغا مەسە ئالسام ،
پاتمىدى پايپاق بىلەن .
ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن ،
پاتمىخان مايماق بىلەن .
تاغدا مەچەك ، كۆلدە ئۆردەك ،
مايسا چايناپ كېلىدۇ .
تاز خوتۇننى ئاشنا تۇتساڭ ،
بېشىنى قاشلاپ كېلىدۇ .
ھۆپۈپۈپ ئەمەيلىكوُم ،
قوندى تېرەكنىڭ باشىغا .
بېشىغا پوسما كىيىپ ،
ئوسما قويۇپتۇ قاشىغا .
ئامرىقىم كەتتىمىكىن ؟
تەڭ يولىغا يەتتىمىكىن ؟
مېنى داغدا قالدۇرۇپ ،
مرادىغا يەتتىمىكىن ؟ »

قوشاق شۇ يەرگە كەلگەندە ، ئىككىنچى ئۆزگىرىش باشلىناتتى :

لوقۇي ، لوقۇيلى ،
ئاتنى توقۇيلى .

نەگە بارىمىز ؟
شەگە بارىمىز ·
شەدە نېمە بار ؟
ئاچام بار ·
ئېتى نېمە ؟
بۇسارا ، ئاش ئېتىدۇ قاپقارا ·
ماڭا بېرىدۇ بىر قوشۇق ،
ئۆزى ئىچىدۇ ئون چارا ① ·
ئۆتۈكۈم رىسى ئۆتۈك ،
مېڭىشىم تاراق - تاراق ·
روزىنىڭ ئونبەشىدە ، ......
چۈشتى غازاڭ شاراق - شاراق ·
چىككى - چىككاڭ بىژشە ·

بىر نۆۋەتلىك ئويۇن مۇشۇنداق ئاياغلىشىپ توپ ئوينىغۇچى ئۇتتۇۋالاتتى ·

قول توپ ئويۇنىنىڭ پۈتكۈل جەريانى چاققانلىق ۋە زېرەكلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ، مەلۇم دەرىجىدە تەنتەربىيە تۈسىنى ئالغان بولغاچقا ، قەشقەر قىز - چوكانلىرىنىڭ چاققان ، چېچەن ئۆسۈپ يېتىلىشىدە تېگىشلىك رول ئوينىغان ئىدى · زامان ئېتىبارى ۋە توپ تۈرلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى ئارقىسىدا ، قول توپ ئويۇنمۇ بارا - بارا ئەمەلدىن قالدى ·

---

① چارا — ياغاچ تاۋاق

# قەشقەردىكى داڭلىق ئىككى مەدرىسە

قەشقەر شەھىرىدە بۇنىڭدىن خېلى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى 17 مەدرىسە بار بولۇپ، بۇلاردىن ھېيتگاھ مەدرىسەسى①، تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسەسى②، ئۆمەر ھېكىمبەگ مەدرىسەسى③، دورغا بەگ مەدرىسەسى④، كەنجازا مەدرىسەسى ( تۇختى خوجا مەدرىسەسى )⑤، ئەھرارخان تۆرەم مەدرىسەسى⑥، تاغارچى كوچىسىدىكى مەدرىسە⑦ دىن ئىبارەت يەتتە مەدرىسە قەشقەر شەھىرىنىڭ « تاشقارقى شەھەر » دەپ ئاتالغان قىسمىغا جايلاشقان، دۆڭ مەسچىت مەدرىسەسى⑧، ۋاڭلىق مەدرىسە⑨، خانلىق

① ھېيتگاھ مەدرىسەسى: ھازىرقى ھېيتگاھ جامەسى ئىچىدە.

② تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسەسى: ھازىرقى قوناق بازىرى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنى.

③ ئۆمەر ھېكىمبەگ مەدرىسەسى: چاسا باشقارما ئوردا ئالدى باسما زاۋۇت ئورنى ( چېقىۋېتىلگەن ).

④ دورغا بەگ مەدرىسەسى: شەھەرلىك بانكا ئارقىسىدىكى ئاھالىلەر بىناسى ئورنى ( بۇرۇن شەھەر گۆشى ئورنى بولغان ).

⑤ كەنجازا مەدرىسەسى: ھازىرقى ئۆستەڭبويى 4 - پەيچۇسونىڭ ئورنى.

⑥ ئەھرارخان تۆرەم مەدرىسەسى: ھازىرقى ئۆستەڭبويى باشقارما ئورنى.

⑦ تاغارچى كوچىسىدىكى مەدرىسە: ھازىرقى تاغارچى كوچا ئاھالىلەر كومىتېت ئورنى.

⑧ دۆڭ مەسچىت مەدرىسەسى: ھازىرقى تاغارچىلىق ۋە گىلەمچىلىك كارخانىسى ئورنى.

⑨ ۋاڭلىق مەدرىسە: ھازىرقى ئوردا ئىشىكى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنى.

مەدرىسەسى①، قازانچى مەدرىسەسى②، توقام (ئابدۇۋېلى باي) مەدرىسەسى③، ئاخۇن بايۇفلار مەدرىسەسى④، ساقىيە مەدرىسەسى⑤، چاچ مەدرىسەسى⑥، لاي پەشتاق مەدرىسەسى⑦، كەسكەنيار مەدرىسىدىن⑧ ئىبارەت 10 مەدرىسە قەشقەر شەھىرىنىڭ «ئىچكەركى شەھەر» دەپ ئاتالغان قىسمىغا جايلاشقان. تاشقارقى شەھەر قىسمىدىكى مەدرىسەلەرگە قارىغاندا ئىچكەركى شەھەر قىسمىغا جايلاشقان مەدرىسەلەر ئۇزاقراق تارىخقا ئىگە، بۇلاردىن «خانلىق مەدرىسەسى» بىلەن «ساقىيە مەدرىسەسى» تېخىمۇ قەدىمكى مەدرىسەلەر ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە «خانلىق مەدرىسە» بىلەن «ساقىيە مەدرىسەسى» ھەققىدە

---

① خانلىق مەدرىسە: ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ سىياسىي مەكتەپ ئورنى.

② قازانچى مەدرىسە: بۇ مەدرىسەمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ سىياسىي مەكتەپ ئىچىدە بولۇپ، خانلىق مەدرىسە بىلەن تۇتاش سېلىنغان.

③ توقام مەدرىسەسى: ھازىرقى خەلق باشقۇرغان تىل - تېخنىكا مەكتىپى ئورنى.

④ ئاخۇن بايۇفلار مەدرىسەسى: سابىق چاسا باشقارما يېنىدىكى خەلق باشقۇرغان مەكتەپ ئورنى.

⑤ ساقىيە مەدرىسەسى: ھازىرقى ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ.

⑥ چاچ مەدرىسەسى: ھازىرقى چاسا غوجىلاكوچىسى ئۇدۇلىدىكى سودا - سانائەت بىرلەشمە كارخانا ئورنى.

⑦ لاي پەشتاق مەدرىسەسى: بەشئېرىق كوچىسى ئىچىدىكى 17 - باشلاندۇچ مەكتەپ ئورنى.

⑧ كەسكەنيار مەدرىسەسى: (سائادەتباي مەدرىسەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھازىرقى شەھەرلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ ئورنى.

توختىلىپ ئۆتتۈمىز.

1. خانلىق مەدرىسە

خانلىق مەدرىسە خانلار تەرىپىدىن ياسالغان مەدرىسە بولۇپ، ئۇلارنى «سەئىدىيە» خانلىقىنىڭ پادىشاھلىرى ياسىغان. يەكەندە «خانلىق مەدرىسە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ مەدرىسە بار، بۇلاردىن بىرى ئالتۇنلۇق مازار يېنىدىكى ئابدۇرېشىد خان ياسىغان مەدرىسە، بىرى كونا خانلىق مەدرىسەسى، يەنە بىرى رەستە ئارقىسىدىكى رىكىستان (قۇملۇق) دىكى ئابدۇللاخان ياسىغان مەدرىسەلەردىن ئىبارەت. يەنە خوتەننىڭ ئىلچى دېگەن يېرىدە «خانلىق مەدرىسە» دېگەن بىر مەدرىسە بار. قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىسە»نى «سەئىدىيە» خانلىقىنىڭ 8 ـ پادىشاھى ئابدۇللاخان ئابدۇرېھىم ئوغلى تارىخىي ھىجرىيە 1048 ـ يىلى (مىلادىيە 1638 ـ يىلى) تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ياسىغان. قەشقەردىكى بۇ مەدرىسە ئەينى چاغدىكى شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا كۆپ مەدرىسە ۋە جامەلەر بىلەن ئاۋاتلاشقان «ئوردا ئىشىكى» دېگەن گۈزەرگە سېلىنغان بولۇپ، ئۇ يەردە شاھ ئوردىسى (قەسىر) بار ئىدى.

قەشقەر خانلىق مەدرىسەسى غايەت زور مەرىپەت ئورنى بولۇپ، ئەينى چاغلاردا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر مائارىپىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينىغان.

بۇ مەدرىسەنى خانلار ياسىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مەبلىغى ۋەخپىنىڭ كىرىمىدىن كېلەتتى، يەنى ياسىغۇچى ئاجراتقان كۆپ مىقداردىكى ۋەخپە زېمىن،

ۋەخپە ساراي، ۋەخپە دۇكانلىرىنىڭ كىرىملىرى مۇدەررىسلەرنىڭ ئىش ھەققى، تالىپلارنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلى، مەدرىسەنى باشقۇرىدىغان مۇتىۋەللىلەرگە بېرىلەتتى، مەدرىسەنىڭ رېمونتىغا ئىشلىتىلەتتى.

2. « ساقىيە » مەدرىسەسى

« ساقىيە » مەدرىسەسى قەشقەرنىڭ ئىچكەركى شەھىرىدىكى « ساقىيە » مەھەللىسىگە جايلاشقان. بۇ مەدرىسە « خانلىق مەدرىسە »تىن ئۇزاقراق تارىخقا ئىگە بولۇپ، مەدرىسەنىڭ نامىغا قارىغاندا، مىلادىيە XIII ياكى XIV ئەسىرلەردە ياسالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ مەدرىسەنىڭ ئەسلىي نامى « توقابەگ مەدرىسەسى » بولۇپ، بۇ، توغرۇل دېگەن نامدىن بۇزۇلۇپ ئاتالغان.

موگغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە « بەرراس »دېگەن بىر قەبىلە بار بولۇپ، بەرراسلار مەلۇم ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. ئەينى چاغدا بۇ مەدرىسەنى بەرراسلاردىن بولغان ئەر توغرۇل بەرراس دېگەن كىشى ياسىغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەدرىسە « ئەر توغرۇل بەگ مەدرىسەسى » دەپ ئاتالغان. كېيىن، « ئەر توغرۇل بەگ » دېگەن سۆزدىن «ئەر » سۆزى تاشلىنىپ قېلىپ « توغرۇل بەگ » دەپ ئاتالغان. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن « توغرۇل بەگ » دېگەن سۆز يەنە بۇزۇلۇپ، « توقا بەگ » دېگەن سۆزگە ئۆزگەرگەچكە، يېقىنقى زامانغىچە « توقا بەگ »نىڭ مەدرىسەسى دېگەن نام ئۆزلەشكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا بۇ مەدرىسەنىڭ تارىخىنى 500 يىلدىن ئاشقان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، « ساقىيە » دېگەن نام قانداق پەيدا

بولغان.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىلگىرى ساقى، باقى، سەقى، نەقى دېگەن ئىسىملار كۆپ ئىدى، ساقى دېگەن ئىسىم ئەينى چاغدا بىر مەھەللىدە قاسساپلىق قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ ئىسمى بولۇپ، كېيىن شۇ مەھەللىنىڭ نامى ساقى قاسساپنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بۇ مەھەللىگە سېلىنغان مەدرىسەمۇ بارا بارا «توقابەگنىڭ مەدرىسەسى» دېگەن نام بىلەن ئاتالماي، ساقى قاسساپنىڭ مەھەللىسىدىكى مەدرىسە — «ساقىيە مەدرىسەسى» دەپ ئاتالغان. ھازىرمۇ چاسا گۈزىرىدىن قارىقى دەرۋازا ئورنىغىچە بولغان ئۇزۇن بىر مەھەللە شۇنىڭدەك شۇ مەھەللىدىكى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نامىمۇ «ساقىيە» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

«ساقىيە مەدرىسەسى» شۇ مەھەللىدە بولغانلىقتىن «ساقىيە» دىكى مەدرىسە دەپ ئاتىلىپ، كېيىن «دىكى» دېگەن قوشۇمچە چۈشۈپ قېلىپ «ساقىيە مەدرىسەسى» بولۇپ كەتكەن.

«ساقىيە مەدرىسەسى» نىڭ ياسىلىشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، قەمەرجاننىڭ ماقالىسىدىمۇ 1654 - يىلى قەشقەرلىك باھاۋىدىن باي تەرىپىدىن رېمونت قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ، ئۇنىڭ قەدىمكى مەدرىسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ مەدرىسە 1913 - يىلى باھاۋىدىن مەخسۇم تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. شۇ چاغدا مەدرىسەنىڭ پەشتىقىغا:

« سال تەئمىر ئىن راۋاقى بىدان،
ئەۋۋەلەش شۇغلى، ئاخىرەش غۇفران. »

دېگەن ئىككى مىسرا شېئىر يېزىپ قويۇلغان. بۇ شېئىر مەدرىسەنىڭ ياسىلىش تارىخىنىڭ ئەبجەد ھېسابى بىلەن يېزىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شېئىردىكى شۇغلى سۆزى رېمونتنىڭ باشلانغان يىلى 1330 نى؛ غۇفران سۆزى پۈتكەن يىلى 1331 نى كۆرسىتىدۇ. بۇ سان ھىجرىيە يىلى بىلەن ھېسابلانغان بولۇپ، مىلادىيەنىڭ 1912 ـ ، 1913 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

« ساقىيە مەدرىسەسى » يۇرتىنىڭ ئاتاقلىق بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئۇيغۇر مائارىپىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە نۇرغۇن تۆھپە قوشقان. بۇ مەدرىسەگە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەر يىلى نەچچە يۈز تالىپ كېلىپ ئوقۇغان. مەدرىسەدە سەرپ ـ نەھۋى ( گراماتىكا ) ، مەنتىقە (لوگىكا ) ، ئەدەبىيات ( مەسنىۋى )لەر ئوقۇتۇلغان.

# « قاراڭغۇ رەستە » ۋە ئۇنىڭ ئۆتمۈشى

## 1

بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىدە سودا - سېتىق تىجارىتى گۈللەنگەن « قاراڭغۇ رەستە » دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەر بار بولۇپ، بۇ يەر ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، «ئەلچىخانا» رەستىسىنىڭ شىمالىغا، توققۇزاق دەرۋازا گۈزىرىنىڭ غەربىگە، يارباغ مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئىدى. ئۇ يەردە 60% ھەر خىل گەزلىمە مال ساتىدىغان سودىگەرلەرنىڭ تىجارەت ئورنى، 40% باشقا بۇيۇملارنى ساتىدىغان دۇكاندار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇكىنى بار ئىدى.

بۇ رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى نۇرغۇن دۇكانلارنى شەھەردىكى باي سودىگەرلەر ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئادەتتىكى تىجارەتچىلەر بۇ قاتاردىن ئورۇن ئالالمايتتى. رەستىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ يانلىرىدىكى قوشۇمچە ئايلانما رەستىچاقلىرى قوشۇلغاندا يەنە 300 دىن ئارتۇق دۇكان بار ئىدى. بۇ دۇكانلاردا ئىچكى

ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلگەن جاڭدەن، خاڭدەن، شاڭخاردەن دەپ ئاتىلىدىغان ھەر خىل تاۋارلار، رۇسىيىنىڭ مىۋۋىت، دراپ، زەرباپ قاتارلىق ئېسىل ماللىرى، ھىندىستاننىڭ ئاپئاق پارقىرايدىغان خەسىلىرى ۋە «مىسقالە» دەپ ئاتىلىدىغان سۇپتە داكىلىرى، تەتىللالىرى، يۇرتىمىزنىڭ ئېسىل شايى ـ بەقسەم، ئەتلەسلىرى سېتىلاتتى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ يىپەك ماللىرى بۇ يەردە تېپىلاتتى.

بۇ رەستىنىڭ ئۈستى باشتىن ـ ئاخىر ياغاچ ۋە بورا بىلەن باستۇرما قىلىپ يېپىلغانلىقتىن، رەستىگە كۈن نۇرى چۈشمەي، كۈن بويى غۇۋا تۇراتتى. شۇڭا، بۇ يەر «قاراڭغۇ رەستە» دەپ ئاتالغان. بۇ رەستىدىكى سودا ـ سېتىق، ئاۋاتچىلىق، يۈكسىلىش چارەك كەم بىر ئەسىر داۋاملاشقان. 1928 ـ ۋە 1929 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، يىپەك مال يەتكۈزۈپ بېرىدىغان دۆلەتلەر 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن قەشقەرگە مال ئېلىپ كېلەلمىگەچكە، بۇ رەستىنىڭ تىجارىتى خارابلىشىپ قالغان. كېيىن، جۇڭگو ـ سوۋېت سودا كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قەشقەردە سودا تورىنى تۇرغۇزغان، «ناركوم تۇرك» خولۇپكوم ئوبىششىستۋاشىرىس (پاختا ـ يۇڭ توختام جەمئىيىتى) قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ سودىسى باشلانغان. بۇ جەمئىيەت قەشقەرنىڭ تېرە، پاختا ۋە يۇڭ قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر خىل گەزلىمە رەخت، فارفور بۇيۇملىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تۈركۈملەپ ئەكېلىپ

سېتىپ، ئارىدىكى بىر مەھەل يۈز بەرگەن سودا ـ تىجارەت جەھەتتىكى خاراب ئەھۋالنى ئۆزگەرتكەن. 30 ـ يىللارغا كەلگەندە، ساۋسىن ـ تۇرگ ( سوۋېت ـ جۇڭگو سودا شىركىتى ) قۇرۇلۇپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئىشلىرى يەنە گۈللەنگەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە نۇرغۇن ئۇششاق تىجارەتچىلەر كۆپىيىپ، دۇكانلار ئېچىلىشقا باشلىغان.

## 2

« قاراڭغۇ رەستە »نىڭ قالغان قىسمىغا ماتاچىلار، پىچاقچىلار، غىلاپچىلار، كىتابپۇرۇچىلار، يايمىچىلار، كىيىم تىككۈچىلەر، شاپاق دوپپا تىككۈچىلەر، قاسساپلار ۋە ساماۋارچىلەر ئورۇنلاشقان ئىدى.

بۇ رەستىنىڭ ئايىغى توققۇزاق دەرۋازا گۈزىرىگە تاقالغان بولۇپ، بۇ گۈزەرنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدە بىر ـ بىرىگە ياندىش ئىككى ساراي بار ئىدى. بۇ سارايىنىڭ بىرسى موللاخۇن ھاجىمنىڭ سارىيى بولۇپ، بۇ سارايدا خەلق ئىخلاس قىلىدىغان مەھمۇد غەزنەۋى دېگەن بىر مازار بار ئىدى. مازارنىڭ بۇ نامدىن قارىغاندا، مەھمۇد غەزنەۋى IX — X ئەسىردە ئافغانىستان ۋە شىمالىي ھىندىستاندا 183 يىل ھۆكۈم سۈرگەن « غەزنەۋىلەر دۆلىتى »نىڭ سۇلتانى مەھمۇد بىلەن ئىسىمداش ئىكەنلىكى، بۇ كىشىنىڭ سۇلتان مەھمۇد ئافغانىستاندا قۇرغان « غەزنە شەھىرى » (پايتەخت)نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان « غەزنەۋى دۆلىتى »دىن كېلىپ قالغان بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى

بولىدۇ . قەشقەر خەلقى ئەينى چاغدا بۇ كىشىنى ئاتاقلىق زات دەپ قاراپ ، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلغان . يەنە بىرسى «ھەزرىتى پادىشاھ» (يۈسۈپ قادىرخان غازى) نىڭ ۋەخپىسىگە سېلىنغان ساراي بولۇپ ، بۇ ساراي «چوڭقۇردەك» دەپ ئاتىلاتتى . كېيىن «ھىندى سارىيى» دەپمۇ ئاتالغان . بۇ ساراي ئون نەچچە ھۇجرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ يەرگە 50 دەك ھىندى سودىگىرى كېلىپ ئورۇنلاشقان ، ئۇزاق ئۆتمەي ، بۇ گۇزەرنىڭ جەنۇبىدا يۈسۈپ قوقانىنىڭ سارىيى پەيدا بولۇشقا ئەگىشىپ ، بۇ يەرگە يەنە 30 — 40 ھىندى سودىگىرى كېلىپ تىجارەت قىلىشقا باشلىغان . ھىندى سودىگەرلىرى قەشقەرگە دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىلىرى ئارقىلىق ھىندىستاندىن كېلىپ ، ھىندىستاندا ئىشلەنگەن گەزلىمە مال ، رەڭ ، دارىۋار ، تۇگمە ، دانىكار قاتارلىق خەلققە ئېھتىياجلىق ماللارنى قەشقەرگە ئەكېلىپ سېتىپ ، قەشقەردىن ئالتۇن - كۈمۈش ، تۈرلۈك جاۋاھىراتلارنى ، يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن يىپەك ، ئاق جايىناماز ، كىگىز ۋە ئۇچەيلەرنى ئېچقىپ كېتىپلا قالماستىن ، يەرلىك سانائەتنى كىرىزىسقا ئۇچرىتىپ ، نۇرغۇن يەرلىك ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىشسىز بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىدى . XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭ ۋە ئىچكى ئۇرۇش قەشقەردە نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . بولۇپمۇ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆرۈلگەن تىجارەتتىكى كاساتچىلىق تىجارەتچىلەرنى ھالسىرىتىپ ، جازانىغا پۇل ئېلىش ئىشى

باشلانغان . شۇ چاغدا چوڭ بايلار ئۆرۈمچىدىكى قارا بۇت مەبلىغىدىن ، ئوتتۇرا ھال تىجارەتچىلەر ھىندىلاردىن پۇل قەرز ئالغان . ئۇنىڭ ئۆسۈمى ئېغىر بولغانلىقتىن ، كىشىلەر تىجارەتتە پايدا ئالالماي ، قەرز ئالغان كىشىلەرنىڭ تولىسى قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان ، تېخى پۈتۈن سەرمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان . مۇنداقلار « يىقىلغان سودىگەر » دەپ ئاتالغان . بۇنداق ئەھۋالدا نومۇسى بار سودىگەرلەر تەئەللۇقاتلىرىنى سېتىپ قەرزدىن قۇتۇلسا ، بەزى سۆدىگەرلەر سۇنۇپ كەتكەن ، سۇنۇپ كەتكەن سودىگەرلەرگە پۇل قەرز بەرگەن ھىندىلار ھۆكۈمەتكە ئەرز سۇنسا ، بۇ ئەرزنى ھۆكۈمەت قوبۇل قىلىپ ، ئۇلارنى قەرزنى تۆلەشكە قىستىغان ، ھەتتا بىرنەچچە ئاي قاماپ قويغان . ھۆكۈمەت تەرەپ قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلارنىڭ ئۆيلىرى ، يەرلىرىنى ساتقۇزغان ، بۇلار قەرزگە بويلاشمىسا ئۆي - ۋاقىلىرىنى « مازات ئۇسۇلى » ( كىم ئالدى ) بىلەن نەق مەيداندا ساتقۇزۇپ ، ھىندىنىڭ پۇلىنى تىرىلدۈرۈپ بەرگەن .

1930 - يىلىغا كەلگەندە ، ھىندىستانلىق رىكى باي دېگەن بىر سودىگەر بۇ رەستىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى « پىچاق سارىيى » دېگەن سارايغا ئورۇنلىشىپ ، ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن يۇڭ رەخت ، تىرىكلەرنى كۆپلەپ ئەكېلىپ ، شەھەرنىڭ بايلىرى ۋە بايۋەچچىلەرنى ئېسىل كىيىملەر بىلەن تەمىنلىگەن . 1934 - يىلى ماجۇڭيىڭ ۋە ماجەنساڭ باندىتلىرى قەشقەر شەھەر خەلقىنى ئۆلتۈرگەن ، بولغان چاغدا ، ئۇ ئۆزى ئورۇنلاشقان سارايىنىڭ ئۈستىگە

ئەنگلىيىنىڭ بايرىقىنى چىقىرىپ قويۇش ئارقىلىق ئۆزىگە تونۇش بىرقانچە بايلارنى ئۆلۈمدىن، بۇلاڭ - تالاڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆسۈملۈك قەرز پۇل تارقىتىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. 1934 - يىلى ئاپرېلدا شىڭ شىسەي دائىرىلىرى ئېلىپ بارغان كوچا ئىسلاھاتىدا بۇ رەستىدىكى ھىندىلار ئورۇنلاشقان ئۈچ ساراي ئۈستىدىن تانا تارتىلىپ، نۇرغۇن دۇكان ۋە ئۆيلەر چېقىلغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ھىندى سودىگەرلىرى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ھىندى سودىگەرلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلغان نۇرغۇن كىشىلەر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قاماقتا ئۆلتۈرۈلدى.

1956 - يىلى ھېيتگاھنى كەڭرىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كوچا ئىسلاھاتىدا «قاراڭغۇ رەستە»نىڭ قالغان قىسمى پۈتۈنلەي يولغا چىقىپ كېتىلىپ، شەھەرنىڭ كېڭەيتىلىشى نەتىجىسىدە بۇ رەستە پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەشقەردىكى بىردىنبىر ئاۋات رەستە بولغان «قاراڭغۇ رەستە» كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ئۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئايىغىدىكى قالدۇق رەستە — «توققۇزاق دەرۋازا گۈزىرى» نىڭ نامى يەنىلا ساقلانماقتا.

# قەشقەر شەھىرىدىكى « ئوردا ئالدى » ۋە « ئەلچىخانا » رەستىسى دېگەن ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشى

## 1

قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزى بولغان ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەرق تەرىپىدە « ئوردا ئالدى » دېگەن ھەممىگە تونۇشلۇق بىر يەر بار. بۇ يەر ئىلگىرى كەگرى بىر سەينا بولۇپ، ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى ئۆمەر ھېكىمبەگ 1830 - يىلى ياساتقان ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىر مەدرىسە بار ئىدى. يىراق - يېقىندىن كېلىپ ئىلىم ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىدىغانلارنىڭ ئىلىم تەھسىل ماكانى بولغان بۇ مەدرىسە كەگرى سەيناغا ئالاھىدە ھۆسن بېغىشلايتتى. سەينانىڭ شەرق تەرىپىدە ئۆمەر ھېكىمبەگ كولاتقان چوڭ بىر كۆل بار بولۇپ، كىشىلەر بۇ كۆلنى « قوزۇقلۇق كۆل » دەپ ئاتىشاتتى، كۆلنىڭ سۈزۈك ھەم پاكىز سۈيىدىن ئەتراپتىكى كىشىلەر پايدىلىناتتى. سەينانىڭ شىمال تەرىپىدە ئۇزاققا سوزۇلغان بىر رەستە بار بولۇپ، جەنۇب

تەرىپى ئوردا تىپىدىكى تۇتاش ئىدى. شۇڭا بۇ كەڭرى سەينانى كىشىلەر «ئوردا ئالدى گۈزىرى» دەپ ئاتىشاتتى. كېيىن «ئوردا ئالدى گۈزىرى» دېگەن نامدىكى «گۈزىرى» سۆزى تىلىمىزدىن چۈشۈپ قېلىپ، «ئوردا ئالدى» دېگەن نام ئومۇملىشىپ قالغان.

«ئوردا» دېگەن سۆز تۈركىي ئورتاق تىلدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، ئۇ ئادەتتە «ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىش ئورنى» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. قەشقەر شەھىرىدىكى ئىلگىرىكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى «كونا ئوردا»، «ئارا ئوردا» دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇنلاردا ئىش بېجىرىپ كەلگەن. XIX ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، يېڭىدىن قوشۇلغان تاشقارقى شەھەردە بىر ئوردا ياساتقان ۋە ئىش بېجىرىش ئورنىنى ئىچكەركى شەھەردىكى ئىلگىرى بار بولغان ئوردىدىن يېڭى ياساتقان ئوردىغا يۆتكىگەن ھەمدە ھازىرقى «كەسكەنيار» دەپ ئاتىلىدىغان يەردىن بىر يول ئېلىپ، ئىككى شەھەرنىڭ ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرغان.

تاشقارقى شەھەردىكى يېڭى ئوردا ھازىرقى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئىلگىرى ئۇنىڭ دەرۋازىسى جەنۇب تەرەپتىكى تامدا ئىدى. 1864 ـ يىلى «بەدۆلەت» (ياقۇپبەگ)نىڭ زامانىسىدا بۇ ئوردىنىڭ دەرۋازىسى شىمال تەرەپكە يۆتكەلگەن ۋە ئوردا ئالدىدىكى كەڭرى سەينا «ئوردا ئالدى» دەپ ئاتالغان. ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى 1877 ـ

يىلى ئوردا دەرۋازىسىنى يەنە ئەسلىدىكى ئورنى ( جەنۇب تەرەپ ) غا يۆتكىگەن بولسىمۇ، لېكىن « ئوردا ئالدى » دېگەن نام يۆتكەلمەي، هازىرغا قەدەر يەنە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئىلگىرىكى چاغلاردا « ئوردا ئالدى » دېگەن بۇ يەرگە «گۆزەر» دېگەن نام قوشۇلۇپ، « ئوردا ئالدى گۆزىرى » دەپ ئاتالغان بولسا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سودا ـ تىجارەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن «ئوردا ئالدى بازىرى » دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## 2

ياقۇپبەگ هاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن هەرىكەت قىلىپ، خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزى ئىگىلىگەن يەرلەرنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش بىلەن بىر چاغدا، چەت دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە ئورناتقان. 1872 ـ يىلى ئۇنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرى خېلى ئەۋج ئالغان بولۇپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بىرقانچە دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرىنى چەت ئەللەرگە ئەۋەتىپ، دىپلوماتىيە ۋە سودا ئالاقىسىگە دائىر توختام، كېلىشىملەرنى تۈزگەن: چاررۇسىيە گېنېرالى قوقمان بىلەن تاشكەنتتە سودا توختامى تۈزگەن؛ بۇخارا ئەمىرى مۇزەپپەرىدىن خاننىڭ ئوغلى ئابدۇمۆلۈكخان قەشقەرگە كېلىپ، زىيارەتتە بولغان؛ مىسىر پادىشاھى

ئىسمايىلنىڭ مەخسۇس ئەلچىسى قەشقەرگە كەلگەن؛ تۈركىيە سۇلتانلىقى بىلەن ئالاقىلەشكەن؛ ئەنگلىيە، ئافغانىستان پادىشاھلىقى بىلەن ئالاقە ئورناتقان. بۇلاردىن تاشقىرى، قوقان، بەدەخشان، ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن ساياھەت قىلغۇچىلار تۈركۈملەپ قەشقەرگە كېلىشكە باشلىغان. مۇشۇنداق بىر قاتار ئەھۋاللار ياقۇپبەگنى چەت ئەلدىن كەلگەنلەرنى كۈتۈش ئورنى بەرپا قىلىشقا مەجبۇرلىغان. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەرق تەرىپى، ئۆز ئوردىسىنىڭ شىمال تەرىپى، «ئوردا ئالدى» سەيناسىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان «قۇم كوچا» دېگەن جايغا بىر يۈرۈش ئىمارەت سالدۇرغان، بۇ يەر ئەلچىخانا دەپ ئاتالغان. لېكىن، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئۇزاق داۋاملىشالمىغان، ئۇ 1877 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كورلىدا ئۆلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى زوزوڭتاڭنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇنىنىڭ شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلىشى بىلەن، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى تۈپتىن بەربات بولغان. «ئەلچىخانا»نىڭ ۋەزىپىسىمۇ تۈگەپ، ئەمەلدىن قالغان، ئەمما، ئۇنىڭ نامى كېيىنچە «ئەلچىخانا رەستىسى»، «ئەلچىخانا» دەپ ئاتىلىۋەرگەن.

«ئەلچىخانا» رەستىسى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئاۋات بىر رەستە بولۇپ، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 50 ـ يىللارغا قەدەر تازا گۈللەنگەن. رەستىدە تۇرمۇشقا لازىمەتلىك چەرچىن مال ۋە ھەر خىل بۇيۇملار، چايچىلار،

دورا ـ دەرمەكچىلەر، رەڭچىلەر، قەنت ـ ناۋاتچىلار، زەرگەر، كىيىم تىككۈچىلەر، موزدۇز، ئاشپەز، ناۋاي، ساماۋارچى، كۆنچى قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەر بولغاندىن تاشقىرى، رەستە كوچىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يۈزلىگەن يايمىچىلار يايما يېيىپ ئولتۇرۇپ تىجارەت قىلاتتى. رەستىدىكى ئاساسلىق دۇكانلار 1934 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن تىجارەت، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى توختاپ قالماي يۈرۈشۈۋەرگەن. 1937 ـ يىلدىكى شەھەر كوچا ئىسلاھاتى ۋە 1956 ـ يىلدىكى ئىسلاھاتتا بۇ رەستىدىكى نۇرغۇن دۇكانلار چېقىلىپ، ھېيتگاھ مەيدانىغا قوشۇۋېتىلگەن.

# « ئەركىن هايات گېزىتى »دىن « قەشقەر گېزىتى »گىچە

هازىرقى « قەشقەر گېزىتى » نىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاساسى « ئەركىن هايات گېزىتى » ئىدى . بۇ گېزىت مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىغا بۇ يىل 53 يىل ①بولدى .

بۇ گېزىت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەتتە ئارقىدا قېلىشتەك هالەتنى تۈگىتىش مەقسىتىدە چىقىرىلغان بولۇپ ، بۇ ۋاقىت دەل جىن شۇرېن هاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ ، هاكىمىيەتنى زۇلۇمغا قارشى كۆرەشچىلەر ئىگىلىگەن ۋاقىتقا توغرا كېلەتتى . قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى ۋالىيسى يۇنۇسبەگ سەئىدى ، باش كاتىپ نىزامىدىن ئەپەندىلەر ئوقۇمۇشلۇق ۋە مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە قوللىشى بىلەن ، 1933 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ گېزىت رەسمىي نەشر قىلىنغان . ئەينى چاغدا قەشقەرنىڭ مەتبەئە

---

① ئاپتور بۇ ماقالىنى 1988 ـ يىل 8 ـ ئايدا « قەشقەر گېزىتى » دە ئېلان قىلدۇرغان .

تېخنىكىسى تۆۋەن ، مەتبەئە تېخنىك خادىملىرى كەمچىل بولغاچقا ، 1905 ـ يىلى قەشقەرگە سىگىپ كىرگەن شۋېد مىسسىئونېر (دىن تارقاتقۇچى) لىرىنىڭ مەتبەئەسى ، تېخنىك خادىملىرىدىن پايدىلىنىلغان . گېزىت دەسلەپتە بىر بەت ، كېيىن ئىككى بەت چىقىرىلغان ، ئۇنىڭ تىراژىمۇ ناھايىتى چەكلىك ئىدى . گېزىتنىڭ تىراژىنى كۆپرەك تارقىتىش ۋە دائىرىسىنى چوڭراق قىلىش ئويلىشىلغان بولسىمۇ ، 1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قاراشەھەردىكى ئاتالمىش «باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندانى» ما شىمىڭنىڭ قەشقەردىكى گۇماشتىسى ماجەنساڭ تۆمۈر ئېلىگە سۇيىقەست قىلىپ ئۇنى تۇيۇقسىز ئۆلتۈرۈۋەتكەن . بۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى قالايمىقانلىشىپ ، چوڭ قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەن . 1934 ـ يىل 1 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭنىڭ قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىشى بىلەن ۋەزىيەت تېخىمۇ يامانلىشىپ ، بۇ گېزىت يەنە نەشر قىلىنىشتىن توختىغان . 1934 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەھمۇد مۇھىتى ( شىجاڭ ) نىڭ قوشۇن باشلاپ قەشقەرگە كېلىشى بۇ گېزىتكە يېڭىۋاشتىن ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن . بۇ گېزىت 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن « يېڭى ھايات » دېگەن نام بىلەن ئىككى يېرىم يىل چىقىرىلغان . گېزىتنى چىقىرىش جەريانىدا ، دەسلەپتە قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ، كېيىنچە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يېتەكلىك مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان . 1937 ـ يىلغا كەلگەندە ، بۇ گېزىتنىڭ نامى « قەشقەر ـ شىنجاڭ گېزىتى » گە

ئۆزگەرتىلگەن . بۇ گېزىت بىر تەرەپتىن ئەينى ۋاقىتتىكى
ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمەتلىك تۈزۈمىنى پاش قىلسا ، يەنە بىر
تەرەپتىن خەلقنى خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇپ ، يېڭىچە
مەدەنىيەتنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان ؛ ئەركىنلىك ،
باراۋەرلىك شوئارى ئاستىدا ئىنتىپاقلىشىپ ، ئەزگۈچىلەرگە
قارشى كۈرەش قىلىشقا ئۈندىگەن . بۇ گېزىتنىڭ
تىراژىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيگەن . 2 ـ دۇنيا
ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېزىتنىڭ تىراژى ئون نەچچە مىڭغا
يەتكەن . گېزىتنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىمۇ نەشر قىلىنىپ ،
شاپىگرافتا بېسىلغان . بۇ گېزىتنىڭ شۇچاغدىكى تەشۋىقات
نۇقتىسى فاشىزمغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشقا
قارىتىلغان . جاللات شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچىل
تەبىئىتىنى تېخىمۇ ئاشكارىلاپ ، ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ
قوينىغا ئېتىپ ، ھاكىمىيەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، گېزىتنىڭ تىراژى
كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەپ 1000 نۇسخا ئەتراپىغا ،
ئەسلىدىكى تۆت بەتلىك گېزىتتىن ئىككى بەتلىك گېزىتكە
چۈشۈپ قالغان ، ھەتتا قەغەزنىڭ قىسلىقىدىن بۇ گېزىت
خوتەن قەغىزىگە بېسىلغان . 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت
مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى
ئوتتۇرىسىدا « 11 بىتىم (11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى) »
ئىمزالانغاندا ، گېزىتنىڭ نامى « ئالىڭ »غا ئۆزگەرتىلىپ ،
گېزىتنىڭ سەھىپىسى رەڭدارلىشىپ ، ئەركىن پىكىرلەر
بىرقەدەر كەڭ تەشۋىق قىلىنغان . تىراژى يەنە كۆپەيگەن ،
لېكىن بۇ ھالەت بىر يىلمۇ داۋاملاشالمىغان ، يەنى گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلىرى « بىتىم »نى بۇزۇپ ، خەلقنىڭ بېشىدا قانلىق قىلىچىنى ئوينىتاتتى . بۇ چاغدا گېزىتنىڭ نامى يەنە « قەشقەر - شىنجاڭ گېزىتى » گە ئۆزگەرتىلىپ ، تەشۋىقات نىشانىنى كومپارتىيىگە ، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇشقا بۇراپ ، ئەكسىيەتچىلىكنە ئۇچىغا چىققان .

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ ، ئازادلىقنىڭ تاڭ نۇرى شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، بۇ گېزىت ئەمگەكچى خەلقنىڭ قولىغا ئۆتتى . 1950 - يىلدىن باشلاپ بۇ گېزىت جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى سۈپىتىدە « جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى » دېگەن نام بىلەن چىقىرىلدى . 1956 - يىلنىڭ بېشىدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېت ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن ، بۇ گېزىت قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ قارىمىقىدا « قەشقەر گېزىتى » دېگەن نام بىلەن چىقىرىلىشقا باشلىدى . « جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى » بىلەن « قەشقەر گېزىتى » نىڭ ئۇيغۇرچىسى ھازىرغىچە 6000 (1999 - يىلغا كەلگەندە 9640 سانغا يەتكەن — ت ) سانغا يېتىپ ، تىراژى ئەڭ كۆپ بولغاندا 30 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى ، بۇ گېزىت ھازىر ھەركۈنى 20 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق تارقىتىلماقتا .

# قەشقەرنىڭ 1930- يىللاردىكى مائارىپى ۋە « مەدرىسە - مەسچىتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەيئىتى »

« قەدىمىي مەدەنىيەتلىك جاي » دەپ ئاتالغان قەشقەرنىڭ 1930 - يىللاردىن ئىلگىرىكى مائارىپى ناھايىتى قالاق بولۇپ، مائارىپ ئىشلىرىدا پۈتۈنلەي دىنىي ئوقۇتۇش ئاساس قىلىناتتى. بۇ ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئەينى چاغدا دەۋرنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشالمىغانلىقى ئۈستىگە، مەدرىسەلەردىكى موللىلارنىڭ قالاق ئەقىدىچىلىكى ۋە قۇرۇق سەپسەتىلەر ئارىلاشقان بىرقىسىم دىنىي كىتابلارنىڭ ھەممە يەردە تارقىلىپ يۈرۈشى تۈپەيلىدىن، ئەل ئىچىدە خۇراپاتلىق ۋە نادانلىق چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى. مائارىپ ھەققىدە ئانچە چۈشەنچىسى يوق بىر قىسىم مەخسۇم ۋە مەخسۇمزادىلەر كېيىنكى يىللاردا مەدرىسەلەرنى ئۆزلىرىنىڭ نەسەب ① ۋە ھەسەبلىرىگە ② تايىنىپ ئىگىلىۋالغاچقا، بىرنەچچە يىل ئوقۇپ خېلى مەلۇماتقا ئىگە

① نەسەب — ئېسىلزادە دېگەن مەنىدە.

② ھەسەب — باي دېگەن مەنىدە.

بولغان بىلىم ئەھلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ نەسەبسىز ۋە ھەسەبسىزلىكى تۈپەيلىدىن چەتكە قېقىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالمايتتى. يەنە كېلىپ ھەربىر مەدرىسەنىڭ ۋەخپىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئازساندىكى كىشىلەر ئىگىلىۋالغانلىقتىن، مەدرىسەلەرنىڭ ئوقۇتۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئىمكانىيەت بولمىغان ئىدى. شۇڭا، قەشقەر مائارىپى 30 - يىللارنىڭ ئالدىدا قالاق ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قەشقەر شەھرىدە بىر بۆلۈك يېڭى مەكتەپ (پەننىي مەكتەپ) لەرنىڭ قۇرۇلۇشى، 1933 - يىلى ئۈرۈمچىدە «ئاپرېل ۋەقەسى» نىڭ يۈز بېرىشى، شۇنىڭدەك بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يېڭى ئوقۇش تۈزۈمىگە ئىنتىلىشى كونا مائارىپنىڭ نەقەدەر قالاقلىقىنى «مانا مەن» دەپ ئاشكارىلاپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپ ئورنىدا پايدىلىنىلغان بىر قىسىم مەدرىسەلەرنىڭ ياسالغىنىغا ئۇزاق بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىشىغا قولايلىق بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۈسكۈنە، جاھازلىرى كونىراپ كەتكەچكە، كەڭ دائىرىلىك رېمونت قىلىشقا توغرا كەلگەن ئىدى. بۇ ھالەت خەلق ۋە يۇرتنىڭ ئاز - تولا غېمىنى يەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، مەرىپەت ئىشكىنى ئويغاتتى. نەتىجىدە بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى بىۋاسىتە تۇتۇپ ئىشلەيدىغان بىر تەشكىلىي ئاپپارات قۇرۇش مەسىلىسى نۇرغۇن مەسىلىھەتلەر ئارقىلىق بېكىتىلدى.

1935 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قەشقەردە «ئىسلاھول مادارىس ۋەلمەساجىد ھەيئىتى» (مەدرىسە ـ مەسچىتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەيئىتى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. بۇ ھەيئەتنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان «تەرمەچ بازىرى»①دىكى «كەنجازا مەدرىسەسى»②(ھازىرقى قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭبويى 4 ـ پەيچۇسوسى جايلاشقان ئورۇن) گە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ھەيئەتنىڭ رەئىسلىكىگە شۇچاغنىڭ تەلىپى بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى 6 ـ دىۋىزىيە باش شتاب كاتىباتى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭشياۋ يود

---

① ھېيتگاھ جامەسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بۇ كىچىك بازار ئەينى چاغدا دېگۈدەك ئاۋاتلاشماي، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى يۈرۈشمىگەچكە، ھەرخىل ئۇششاق تەرمە ماللارلا سېتىلاتتى، شۇڭا بۇ يەرگە «تەرمەچ بازىرى» دەپ نام بېرىلگەن.

② ئەينى چاغدا قەشقەر شەھىرىگە نەۋە سەمەن يېزىسىدىكى توختى خوجا ئىسىملىك بىر دېھقان ئۇزاق يىل تۇجۇپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىش ۋە قوشۇمچە تىجارەت ئارقىلىق توپلىغان ئىقتىسادىنىڭ بىر قىسمىنى سەرپ قىلىپ، جەمئىيەت ۋە خەلق ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن، ئاخىرى مەسلىھەت ئارقىلىق بىر مەدرىسە سالدۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، 1869 ـ يىلى ياقۇپبەگنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «تەرمەچ بازىرى» غا مەدرىسە سالدۇرغان. مەدرىسەنىڭ لايىھىلىنىشى، بىناكارلىق سەنئىتى ياقۇپبەگكە بەك ياراپ كەتكەچكە، توختى خوجىنى «كەنجازا» (كىمخابتىن تىكىلگەن، يېڭى يوق، كالتە تاش چاپان) كىيدۈرۈپ تەبرىكلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەدرىسەگە «كەنجازا مەدرىسەسى» دەپ نام بېرىلگەن.

پولكوۋنىك دەرىجىلىك باش كاتىپ داموللا ئابدۇللا نەئىمى، مۇئاۋىن رەئىسلىككە قەشقەرنىڭ يەرلىك زىيالىيسى ۋە مۇدەررىس تەۋەككۇل ئاخۇن خەلپىتىم، باش كاتىپلىققا مۇھەممەتخان مەخسۇم (فەيزى)، مالىيىگە مەسئۇل بولۇشقا ئىسمائىل ئاخۇنۇم خەلپىتىم تەيىنلەنگەن ئىدى.

« مەدرىسە - مەسچىتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەيئىتى »نىڭ قۇرۇلۇشىدىكى مەقسەت ۋە نىشان يۇرت مائارىپىنى ئىلمىي يوسۇندا يۈكسەلدۈرۈش، زامانىۋى ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ ئاڭ - پىكرىنى ئېچىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەخپە مەبلەغلىرىنى توغرا باشقۇرۇپ، ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىش، مەدرىسە - مەسچىتلەرنى يېڭىلاپ، ئۇلارنى يېڭى مائارىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، قىسقىسى، زامانىنىڭ مائارىپقا بولغان ئېھتىياجىنى ئاز - تولا بولسىمۇ قاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، ھەيئەت قۇرۇلۇپلا ئالدى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى 17 مەدرىسە ۋە 100 دىن ئارتۇق مەسچىتكە ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ئۇ جايلاردىكى مۇدەررىس، ئىمام، خەتىپ، مەزىن قاتارلىقلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرگە قابىلىيىتىگە يارىشا ئۇنۋان بەرگەن ۋە خىزمەتكە قويغان ئىدى. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرنى نەسەب ۋە ھەسەبىنىڭ قانچە يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خىزمەتتىن قالدۇرۇپ قويغان ياكى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشقا قويغان؛ نەسەب ۋە ھەسەب

تۆپەيلىدىن بىر چەتتە قالغان ياش ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئىمتىھان ئېلىپ تاللاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ خىزمەتكە قويغان؛ شەھەر خەلقىنى ساۋات چىقىرىشقا ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىپ، ساۋات چىقىرىش كەچ كۇرسلىرىنى ئاچقان. مەدرىسە ـ مەسچىتلەرنىڭ قاراڭغۇ، تار، زەي ئۆيلىرىنى ۋە بۇزۇلغان جايلىرىنى ئۆزگەرتىپ، رېمونت قىلىپ يېڭىلىغان؛ مەدرىسە ـ مەسچىتلەرنىڭ يېزىلاردىكى ۋەخپە يەرلىرى، باغلىرى، شەھەر ئىچىدىكى ساراي، دۇكانلىرىدىن قىلىنغان كىرىملەرنى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتكەن ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلىگەن ئىشىغا ئىش ھەققى قىلىپ تارقىتىپ بەرگەن.

«مەدرىسە ـ مەسچىتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەيئىتى» يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىر چاغدا، يەنە 1936 ـ يىلى 3 ـ ئايلاردا ئەينى چاغدا قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان «دارىلئۇلۇم» مەكتىپىنى قۇرغان (مەكتەپ ئورنى «خانلىق مەدرىسە»دە بولغان). مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا پەيزاۋات قىزىلبويىلىق ساۋۇت داموللام قويۇلغان. بۇ مەكتەپتە ھەپتىدە ئالتە كۈن دەرس ئۆتۈلۈپ، ھەركۈنى چۈشتىن ئىلگىرى دىنىي دەرس، چۈشتىن كېيىن پەننىي دەرس ئۆتۈلگەن. دىنىي دەرستە ئەرەب تىلى ئوقۇتۇش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئىلمى نەھۋى (سىنتاكسىس)، ئىلمى فىقھە (شەرئەت ئەھكاملىرىغا دائىر ئىلىم)، ئىلمى تەپسىر (قۇرئاننى يېشىش ئىلمى)، ئىلمى ھەدىسە (پەيغەمبەر سۆزىنى يېشىش ئىلمى)، ئىلمى مەنتىقە (سۆز قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش ئىلمى)،

پەلسەپە ، ئەدەبىيات (ئەرەب ئەدەبىياتى) ، ھۆسنخەت ئىلمى (مەشىق) قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن . ئەينى چاغدىكى ئاتاقلىق كىشىلەردىن توختەسۇن داموللام ، ھاشىم ئاخۇن داموللام ، جامال ئاخۇن خەلپىتىم ، ئىمىن مەۋلىۋى ، زىيائىيدىن مەخدۇم قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەن . پەننىي دەرس ئوقۇتۇشتا گېئومېترىيە ، تەبىئەت ، ھېساب ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، خىمىيە ، فىزىكا قاتارلىق پەنلەر ئۆتۈلگەن . پەننىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىقىغا مەجىددىن ئەپەندى ، تۇرسۇن ئەپەندى ، ھېسامىددىن ئەپەندى ، سالاھىددىن داموللا ، زەينۇل ئابىدىن داموللا ، ئىسمايىل بابايوف قاتارلىق كىشىلەر تەيىنلەنگەن ئىدى . مەكتەپكە دەسلەپتە سابىق « خانلىق مەدرىسە »نىڭ تالىپلىرىدىن ۋە جەمئىيەتتىن بولۇپ 100 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان . مەكتەپتە قىرائەتخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، بۇ قىرائەتخانا ئىلىم سۆيەر ۋە مائارىپنى قوللايدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئىئانە قىلىنغان تۈرلۈك پەننىي ۋە دىنىي كىتابلار بىلەن لىق تولغان ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىلغان ئىدى . ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچ ۋاخ تامىقىنى مەكتەپ ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈرلۈك نەزىر ۋە قىچقىرىشلارغا بېرىشى قاتتىق مەنئى قىلىنغان ئىدى . مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە باشقا تۈزۈملىرى مۇۋاپىق ھەم ئادىل بولغاچقا ، ئوقۇغۇچىلار : « دارىلئۇلۇم نىزامىدا شاھۇگاداي باراۋەر ، مىڭ مەخسۇمنىڭ بىر داچەن ، پەزلىلك كېرەك بۇرادەر »

دەپ قوشاق توقۇشقان ئىدى .

« دارىلئۇلۇم » مەكتىپىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا ئوقۇتۇش - ئوقۇش ئىشلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈرگەن . دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ دائىرىسى كەڭ ، سىجىللىقى ئېغىر بولغانسېرى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە بىلىمگە ئىنتىلىشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان . نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلار پەننىي بىلىملەرنى نەزەرىيە جەھەتتىلا ئۆگىنىپ قالماستىن ، بەلكى ھەرخىل دەرسلىكلەرنى ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ، قولچىراغنىڭ باتارېيىسىنى ياساشتەك تەجرىبىلەرنى ئىشلەپ ، مەلۇم يېڭىلىقلارنى ياراتقان (ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خەتىپى سەلەي داموللا ھاجىم بۇنىڭ شاھىدى ئىدى ) . بۇ خىل يېڭىلىقلار ۋە ئىلىم - پەننىڭ تۇنجى خۇشبۇي ھىدلىرى ئىلىم ئىگىلىرى ، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ۋە بىلىمگە تەشنا خەلقنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلىپ قالماستىن ، ئۇلارنىڭ يېڭىلىقلارنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ، مەرىپەت بىخلىرىنى تۈجۈپىلەپ پەرۋىش قىلىش ئىرادىسىنى تۇرغۇزۇشقا ۋە بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشكە سەپەرۋەر قىلغان ئىدى . ۋەھالەنكى ، يېڭىچە مائارىپ بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ، ئىنتايىن ئازساندىكى نەپسانىيەتچى موللىلار يېڭىچە مائارىپنى كۆرەلمەي ، ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن كەتكەن «نەسەب » ۋە « ھەسەب » لىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، «قۇرۇقدىلىپ قالغان چۈنتىكى »نى يەنە تولدۇرۇش ئۈچۈن ، « مەدرىسە - مەسچىتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ

بېرىش ھەيئىتى»گە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، ئەتراپىغا بىر قىسىم نادان ئاممىنى توپلاپ، «تەۋەككۇل خەلپەت باشچىلىقىدىكى (مەدرىسە - مەسچىتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەيئىتى) ئىمام، خەتىپ، موللا، مەزىن ... لەردىن ۋەخپىلەرنى تارتىۋېلىپ، ئۆزى يەپ كەتتى، خەلق بۇنداق ئەھۋالنى كەچۈرمەيدۇ ...» دېگەندەك ئىغۋالارنى تارقاتقان ھەمدە «ئۈچ ئەپەندى بىللە بولسا، تونۇمايدۇ موللىنى، ھەممە نەرسىنى ئۆزلىرى يەيمەن دەپ تارتىۋالدى بارىنى» دېگەن قوشاقلارنى توقۇشۇپ، ئۆزى توپلىۋالغان ئاممىغا ئوقۇتۇشقان. بۇنداق ھەرىكەتلەرنى قىلىپمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىغان «نەپسى بەندى»لىرى ھەيئەت باشقۇرۇش ئورگىنىغا، شەھەر ھاكىمىيىتىگە، ھەتتا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئالدىغا بىرقانچە قېتىم بارغان بولسىمۇ، توقۇپ چىققان گەپلىرى يالغان بولۇپ چىققاچقا، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. بىراق، قانداقتۇر بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قەشقەر دوتەي يامۇلى بۇ دەۋاغا ئارىلىشىپ، دەۋاگەرنى قوللىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قانداقتۇر «مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئامما (مەدرىسە - مەسچىتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەيئىتى) نى قوللىمىدى ھەم خالىمىدى، بۇ ھەيئەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك» دەپ جار سېلىشقان. يەنە كېلىپ، ئەينى چاغدا قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر، قەشقەرنىڭ ئالىمى، قازىسى، مۇدەررىسى ۋە قەشقەر ھەرمىللەت مەجلىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئاپپاق خوجىنىڭ شىئەندىكى

ئەۋلادلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قەشقەردىكى مىراس قالغان زېمىنلىرىنىڭ مەھسۇلاتىدىن 20 نەچچە يىل ئالالمىغان ئاشلىقلىرىنى تەلەپ قىلىپ دەۋا قىلىشى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قەشقەر ئۇيۇشمىسى مالىيىسىنىڭ ھېساباتىنى كۆرۈپ چىقىشقا تۇتۇش قىلىشى، بولۇپمۇ مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئۇرۇمچىگە چاقىرتىلىشى بىلەن كېلىپ چىققان سۈركىلىش قاتارلىقلار دەۋاگەرلەرگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. «نەپسى بەندىلىرى» بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تېخىمۇ ئەسەبىيلەشكەن ھالدا 6 ـ دىۋىزىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالدىغا بىر قانچە قېتىم بېرىۋېلىپ، جىم ئولتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان ... شۇنىڭ بىلەن بىر يىللىق ھاياتىدا جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىسىدا بىر قىسىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن «مەدرىسە ـ مەسچىتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەيئىتى» 1936 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ھەيئەتنىڭ مال ـ مۈلۈك، مەبلەغلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان، مەدرىسە ـ مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپە يەرلىرى ئىلگىرىكى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن. دەۋاگەر موللىلارنىڭ «ھەيئەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تەۋەككۇل خەلپەت (ئاساسلىق ئىشلارنى باشقۇرغان) جازالىنىشى كېرەك!» دېگەن تەلىپىمۇ ئورۇندىلىپ، تەۋەككۇل ئاخۇن خەلپىتىم يامۇل تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. دەۋاگەر موللىلار بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي تەلەپ قويۇپ

تۇرۇۋېلىۋەرگەچكە، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي تەۋەككۇل ئاخۇن خەلپىتىم پۇت - قوللىرىغا كويزا - كىشەن سېلىنغان هالدا ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە تاشلانغان.

«مەدرىسە - مەسچىتلەردە ئىسلاهات ئېلىپ بېرىش هەيئىتى» ياراتقان نەتىجىلەرنىڭ بىرى بولغان «دارىلئۇلۇم» مەكتىپى هەيئەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن «نەپسى بەندىلىرى»نىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ تۇرۇۋەرگەچكە، ئۇلار زادى ئارام تاپمىغان. ئاخىرى 1937 - يىلى ئەتىيازدا ئوقۇغۇچىلارنى «نورۇز بايرىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن بىر ئايلىق تەتىل قويۇپ بېرىش نامىدا مەكتەپنى تاقىتىۋەتكەنچە قايتا ئېچىلماي، ئۆزىنىڭ هاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان. مەكتەپنىڭ ئىقتىدارلىق مۇدەررىسلىرى، بىلىملىك كىشىلەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر زاتلارمۇ بىر - بىرلەپ زىندانغا تاشلىنىپ، قەشقەردە بىر مەهەل ئىلىم چىرىغى ئۆچۈش گىردابىغا بېرىپ قالغان.

ئەينى چاغدا بىر قىسىم «نەپسى بەندىلىرى»نىڭ ئۆز مەنپەئىتىنى دەپ ئېلىپ بارغان قارىغۇلارچە هەرىكىتى قارىماققا «مەدرىسە - مەسچىتلەردە ئىسلاهات ئېلىپ بېرىش هەيئىتى»دىن ئىبارەت بىر ئادەتتىكى تەشكىلاتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە يۇرت ۋە كەڭ ئاممىنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ پۇرسىتىدىن ئايرىۋەتكەن، مەرىپەتپەرۋەر زاتلار، ئىلىم ئەهلىلىرى، بىلىمگە تەشنا خەلقنىڭ ئارزۇ -

ئۈمىدلىرىنى بىخ ھالىتىدىلا بوغۇپ تاشلىغان. شۇنداق قىلىپ، قەشقەرنىڭ يېگىچە مائارىپ ئىشلىرى ئون نەچچە يىل، يەنى تاكى دۆلىتىمىز ئازاد بولغانغا قەدەر مەھكۇملۇق ھالىتىدە ئۆتكەن.

دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى، ئادىل، توغرا سىياسەت، پائالىيەتچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەدىمىي شەھەر قەشقەردە قەشقەردىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىش تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنىڭ گۈزەل شارائىتى يارىتىلدى، مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ھازىر قەشقەر شەھىرىدە بىر قانچە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم، نەچچە ئونلىغان ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ بارلىققا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىش تەشنالىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە قاندۇردى. دېمەك، ئېلىمىزنىڭ، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ كەلگۈسى مائارىپ ئىشلىرىدىن ئۈمىد تېخىمۇ زور.

# ئېپتىخار

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قايتا گۈللىنىش پەيتىدىكى بۈيۈك نامايەندە — ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى پۈتكۈل ئۆمرىنى ئىلمىي، ئەدەبىي ۋە سىياسىي - ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە بېغىشلاپ، ئەجدادلار ئۇچۇن مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قالدۇرغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىش، جاھالەتنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، جاھانغا تونۇلغان. ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئۆز ئۆمرىدىكى تەرىپىگە سىغماس قىممەتلىك تۆھپىلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىپتىخارى بولۇشقا مۇناسىپ.

ئەپسۇس بىلەن شۇنى ئەسلەيمىزكى، ئەكسىيەتچى فېئودال كۈچلەر، جاھانگىرلار ۋە مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن پىلانلانغان سۇيىقەست ئارقىلىق سۆيۈملۈك ئالىمىمىز 1924 - يىلى ئاۋغۇستتا بىر سېتىلما خائىننىڭ قولى بىلەن قەتلى قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز

ئۆزىنىڭ بۇ ئېسىل پەرزەنتىدىن ئايرىلغان .

بۇ ئايرىلىشقا بۇ يىل دەل 60 يىل تولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلۇغ ئالىمنى ئەسلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئىلمىي ـ ئەدەبىي ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇلۇغ پارس شائىرى مۇسلىھىددىن شەيخ سەئدىنىڭ « شەۋقى گۈلىستان » كىتابى ئۈچۈن يازغان تەقرىزىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلماقچىمەن .

ئالىم ئۆزىنىڭ بۇ تەقرىزىنى « گۈلىستان »نىڭ 1909 ـ يىلى مۇرات خوجا ئىشان تەرىپىدىن تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان تۈركىي شەرھىگە ئاتاپ يازغان ئىدى .

جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئالاھىدە ھۆرمەتلىك ئورۇن تۇتقان « گۈلىستان »غا يېزىلغان بۇ تەقرىز ئالىمنىڭ بىلىمى ۋە بەدىئىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلغۇچى قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر .

تۆۋەندە بۇ تەقرىزنىڭ ئەينەن تېكىستى ۋە يەشمىسى بېرىلدى :

« زەھى مۇژدەكى دىل ئائىنەسىنى ،
مۇسەففا قىلدى بۇ شەرھى گۈلىستان . »

يەشمىسى : خۇش سۆيۈنچكى ، « گۈلىستان » ئۈچۈن
يېزىلغان بۇ شەرھى دىل ئەينىكىنى پاك ـ پاكىز
قىلىۋەتتى .

« دىماغى ئەھلى مەنە بولدى ئاندىن ،

سەراسەر ئەتىر زارۇ سۇنبۇلستان . »

يەشمىسى : ئۇنىڭدىن ئىلىم ئەھلىنىڭ دىماغلىرى خۇشبۇي ئېلىپ ، باشتىن - ئاياغ سۇنبۇل ماكانىنىڭ ئەتىرزارلىقىغا ئايلاندى .

« مائارىپ مەتلەئى ئەۋراقى ئانىڭ ،
كېلىپ ئەلپازى گويا بۇلبۇلستان . »

يەشمىسى : ئۇنىڭ ھەربىر ۋارىقى مائارىپنىڭ تولۇن ئېيى بولۇپ ، ھەربىر سۆزىدىن بۇلبۇلنىڭ سايرىغان ناۋاسى ئاڭلىنىدۇ .

« سىۋادى خەتلىرى چۈن زۇلفى دىلدار ،
قىلىپ تالىپ خىيالىنى شەبىستان . »

يەشمىسى : ئۇنىڭ خەتلىرىنىڭ سىياسى يارنىڭ قارا چېچىغا ئوخشايدۇكى ، تەلەپ ئەھلىنىڭ خىيالىنى كېچە قاراڭغۇلۇقىغا ئايلاندۇرىدۇ .

« نۇقاتى دەستىگاھۇ زىبۇزىننەت ،
مۇزامىنى سارايا شەككەرىستان . »

يەشمىسى : ئۇنىڭ ھەربىر چېكىتلىرى ئۆرنەك قىلغۇچىلار ئۈچۈن زىبۇزىننەت بولسا ، مەزمۇنى باشتىن - ئاياغ شېكەرلىكتۇر .

« ئەجەب گۈلشەنكى ، دايىمدۇر باھارى ،
تـومـۇز بولسۇن ، كۈز بولسۇن ، يا زىمىستان . »

يەشمىسى : ئۇ ئاجايىپ بىر گۈلشەندۇركى ، تومۇز بولسۇن ، كـۈز بـولـسـۇن ، ياكى زىمىستان بولسۇن دائىما باھاردەك ياشناپ تۇرىدۇ .

« تەئەججۈپ قىلما بۇ گۈلشەن مۇرادى ،
ئىلاجى دەرد مەخمۇران ۋە مەستان . »

يەشمىسى : بۇ گۈلـشـەنـنىڭ مـۇراد ـ مەقـسـىـتـىـدىـن گـۇمـانـلـىـنـىـشـقـا بـولـمايدۇكى ، ئۇ مەست ـ مـەسـتـانـىلەرنىڭ دەردىگە ئىلاج ، زەۋقىغە زەۋق بېغىشلايدۇ .

« ئەگەر شەھباز پىكرى قىلسا جەۋلان ،
بولۇر شەرراھلەر تىپلۇ ۋە پىستان . »

يەشمىسى : ئەگـــەر لاچىنـنىڭ پىكـرى جەۋلان قىلسا ، بۇ كـىتابنىڭ شەرھىنى يەشمەك بولغۇچىلار ئۇنىڭ ئالدىدا گويا گۆدەك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ .

« مۇرادى بۇلبۇلان دېسەم سازادۇر ،
بەلى لايىق ئاگا شەۋقى گۈلىستان . »

يەشمىسى : بۇلـبۇلـلارنـىڭ مۇرادىـنى مۇشۇنـداق دېسەم ئەرزىـيدۇكـى ، ئۇلارغا گـۈلىستاننىڭ شەۋقىلا

لايىق كېلىدۇ.

« ۋەلى مەدھىدە قاسىردۇر ئىبارەت،
گۈلى تارىخىنى قىل مەتلەبىستان.»

يەشمىسى: لېكىن ئۇنىڭ مەدھىيىسىدە سۆز كەمتۈكلۈك قىلىدۇ. بۇلبۇللار (ئوقۇرمەنلەر) ئۇنىڭ تارىخىنى بىلىشنى تەلەپ قىلسا، تۆۋەندىكى ئىككى مىسرادىن چىقىدۇ:

« بۇ مىسرا غۇنچەسىدىن ئاچىلدى تارىخ،
مۇرادى بۇلبۇلان شەۋقى گۈلىستان.»

يەشمىسى: بۇ مىسرالاردىن تارىخ غۇنچىسى ئېچىلدۇكى، ئۇ: « مۇرادى بۇلبۇلان شەۋقى گۈلىستان » دېگەن قۇردىن چىقىدۇ.

ئىلاۋە: تەقرىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىسراسىنى ئەبجەد ئۇسۇلى بويىچە ھېسابلىغاندا تۆۋەندىكى يىلنامە كېلىپ چىقىدۇ:

مۇراد: م + ر + ا + د

40 + 200 + 1 + 4 = 245

بۇلبۇلان: ب + ل + ب + ل + ا + ن

2 + 30 + 2 + 30 + 1 + 50 = 115

شەۋق: ش + ۋ + ق

300 + 6 + 100 = 406

گۈلستان: ك + ل + س + ت + ا + ن

$561 = 50 + 1 + 400 + 60 + 30 + 20$

جەمئىي : $1327 = 561 + 406 + 115 + 245$

دېمەك ، تەقرىز يېزىلغان تارىخ ھىجرىيەنىڭ 1327 ـ يىلى بولۇپ ، مىلادىيە 1909 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ .

# ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ۋە شائىر ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى ( قەشقەرى )

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان ئالىم ۋە شائىر ، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى ئاتۇشنىڭ مەشەت يېزىسىدىن بولۇپ ، مىلادىيە 1862 - يىلى (ھىجرىيە 1279 - يىلى) ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى ئۆز يېزىسىدا ، بىلىم ئېلىش ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋاقىتلىرى قەشقەر ، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ئۆتكەن . كېيىنكى ھاياتى يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق ، مۇدەررىسلىك ۋە جامائەت خىزمىتىنى قىلىش بىلەن ئۆتكەن .

ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر زات بولۇپ ، خەلقنى تەربىيىلەش ، مەدەنىيەتكە ئىگە قىلىش ، خەلققە ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى كۆرەش قىلغان ھەمدە بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى بېغىشلىغان . ئەينى چاغلاردا ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش - ئوقۇش ئىشلىرى پۈتۈنلەي

دوگما، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ئىدى، خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، دەرسلىكلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. چۈنكى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ شۇنداق مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن، دەرسلىك تۈزۈش ئىقتىدارى يوق ئىدى. ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى بۇ ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنى، دەرسلىك جەھەتلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئۇ «سەرپ نەھۋى» (گىراماتىكا)، «ئىلمى تەجۋىد» (قىرائەت ئىلمى)، «ئىلمى ھېساب» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى يېزىپ، ئوقۇتۇش - ئوقۇش ئىشىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ، مەكتەپلەرنى دەرسلىك قىس بولۇشتەك قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرغان. شۇ دەۋردىكى ئەھۋالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنى مائارىپ ئىشلىرىدىكى يۈكسەك ئىجادىيەت دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ يەنە مەكتەپلەردىكى ھۆسنخەت ئۆگىتىش ئىشلىرىغا قارىتا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلەرنى يولغا قويۇپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا يېزىق ئۆگىتىشكە سەل قاراشتەك ناچار خاھىشلارغا خاتىمە بەرگەن. ئۇ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، «ئاقائىد زۆرۈرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر)، «ئىبادەت ئىسلامىيە» (ئىسلام ئىبادات)، «تەلىم سەبىيان» (گۆدەكلەرگە تەلىم)، «نەسائىھۇل ئەتفال» (بالىلارغا نەسىھەت)

قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.

ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىش، پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ مەكتەپ ئېچىپ، «مۇتالىئە ھىدايەت» دېگەن نامدا زامانىۋى دەرسلىكلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىپ، كەڭ ئاممىغا پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش، ئاممىنى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ ئاڭ پىكرىنى ئېچىش يولىدا قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارغان.

ئۇ، مەتبۇئات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، باشقا جايلاردىن مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، نەسىھەت، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى باستۇرۇپ، ئاممىغا تارقىتىپ بەرگەن. «نەسىھەتى ئام» ئەنە شۇ چاغدىكى مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

سىياسىي مۇستەبىتلىك، فېئودال خۇراپاتلىق ئەۋج ئالغان شۇ دەۋرلەردە زامانىۋى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى كۆپ قېتىم ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. ئاچقان مەكتىپى پېچەتلەندى، ئۆزىمۇ تۈرلۈك تىل - ئاھانەتلەرگە، تۆھمەتلەرگە، ھەتتا سۈيىقەستكە ئۇچرىدى.

ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى تالانتلىق شائىر ۋە نەزەرىيىچى ئىدى. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى پاساھەت ۋە بالاغەتتە ئۈستۈن تۇراتتى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى قەشقەر

ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان ئىدى. ئۇ يازغان « جاۋاھىرۇل ئىقان » ( ھەقىقەت جەۋھەرلىرى ) ناملىق شېئىرىي ئەسىرى ھازىر مىسىردىكى « ئەزھەر » ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۇ يەنە « مىفتاھۇل ئەدەب » ( ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى ) دېگەن نەزەرىيىۋى ئەسەرنى ئۇيغۇرچە - ئەرەبچە يازغان. بۇ كىتابلار ئەينى چاغدا قەشقەردىكى ئىقتىسادلىق كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قازاندىكى « مىللەت » مەتبەئەسىدە نەشر قىلىنغان.

ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى ۋەتەنپەرۋەر زات ئىدى. ئۇنىڭ ئەينى چاغدا كەڭ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ شۋېد مىسسىئونېرلىرى (دىن تارقاتقۇچىلىرى) غا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى بۇنىڭ روشەن دەلىلى. تارىختىن بۇيان چەت ئەل جاھانگىر كۈچلىرى ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، خەلقنى قۇل قىلىش، ئىقتىسادىي، مەدەنىي بايلىقلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئۈچۈن، ئادەملىرىنى ساياھەتچى، سودىگەر، دوختۇر ۋە دىن تارقاتقۇچى دېگەن نام بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتىپ تۇرغان. شۋېد 1900 - يىللاردىن كېيىن دوختۇرلۇقنى ئۆگىتىش، دىن تارقىتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار خەلقنىڭ نادانلىق، ئاجىزلىق ۋە بىلىمسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، بىكارغا دورا بېرىش، ھەر خىل نەرسىلەرنى ھەقسىز تارقىتىش، «يېتىم - يېسىرلەرنى يىغىپ تەربىيلەش» ئارقىلىق، ئەتراپىغا مۇرىت توپلاپ، خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر قىسىم ئاممىنى ئەتراپىغا توپلاپ

ھەمدە خىزمەتكە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك خادىمى قىلىۋالغان. مەتبەئەدە بېسىلغان خرىستىئان دىنىغا دائىر تۈرلۈك كىتابلارنى بېسىپ تارقىتىپ، قەشقەردىكى نۇرغۇن كىشلەرنى ئازدۇرغان. بۇ ئىش كەڭ ئاممىنىڭ غۇرۇرىغا ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر كىشلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دىنىي تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارغان.

ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى ئاممىغا چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دىنىي تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنىڭ زىيانلىق ئاقىۋىتىنى تونۇتقاندىن كېيىن، بىرقانچە مىڭ ئادەم غەزەپلىنىپ، شۋېدلەرنىڭ دوختۇرخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ جاھازلىرى، گېزىت - ژۇرناللىرىنى كۆيدۈرۈپ، چېقىپ تاشلاپ، شۋېدلەرنى قاچۇرۇۋېتىپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. بۇ ۋەقە قەشقەر تارىخىدىكى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىككىنچى قېتىملىق زور ئاممىۋى ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ①.

---

① بىرىنچى قېتىملىق ھەرىكەت 1910 - يىلى ئەتىيازدا «قازىكالان» — موللاخۇن دارازا رەھبەرلىكىدىكى راپائىل، شەمئۇن قاتارلىق رۇس ۋە يەھۇدىي جازانىخورلىرىنى قوغلاپ چىقارغان ۋە ئۇلارغا يان باسقان رۇسىيە كونسۇلىنى بىرنەچچە كىشلەر قورشىۋېلىپ، زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ھەرىكەت ئىدى. رۇس، يەھۇدىي سارىيى يارباغ كونا پاخال بازىرىدا ئىدى.

ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزىنىڭ خەلقنىڭ ئويغىنىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، ئىلىم - پەننىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرەشلىرى جاھانگىرلار ۋە فېئودال كۈچلەرنىڭ زىتىغا تېگىدۇ. جاھانگىرلار ۋە فېئودال كۈچلەر سۇيىقەست پىلانلاپ، ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئەخمەت مەزىن، ئەلى مۇفتى قاتارلىق كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ — جاھانگىرلار، فېئودال كۈچلەرنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، 1924 - يىل 8 - ئايدا (ھىجرىيە 1343 - يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ 14 - كۈنى) ئۇنى قەشقەر كونا ئوردىدىكى ئۆيىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. كەڭ ئاmma بۇ ۋەقەنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمران دائىرىلەر بۇ ۋەقەنى يوشۇرۇپ، قاتىللارنى خەلقنىڭ جازالىشىدىن قاچۇرۇۋېتىدۇ. بەزى ھەسەتخور مولللار، مۇتەئەسسىپ ئىشانلار، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتنىڭ، تەرەققىياتنىڭ كۈشەندىلىرى ئالىم ۋە شائىرنى خەلقتىن ئايرىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، خەلق ئاممىسى ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزنى ئۆزىنىڭ قەدىرلىك ئۇستازى، پېشۋاسى دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر قايغۇ بىلدۈرۈشكەن، ئۇنىڭغا ئاتاپ نۇرغۇن مەرسىيەلەر يېزىشقان، تۈرلۈك خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان.

قەشقەر خەلقى «ئابدۇقادىر داموللا» نامى بىلەن

ئۆزىنىڭ بۇ شائىرى ۋە ئالىمنى چوڭقۇر ياد ئېتىدۇ ۋە سېغىنىدۇ.

— ئىنسانىنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىس نېمەدۇر؟

— ئىككى نېمەدۇر: بىرى، جاھىللىق ۋە نادانلىق؛ يەنە بىرى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپ.

— ئىززەت، ئابرۇي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟

— ئىلىم - پەن، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر.

«ئاقائىد زۆرۈرىيە»دە يېزىلغان بۇ سوئال - جاۋابلار ئۆزىنىڭ تارىخىي مەزمۇنى، چوڭقۇر مەنىسى ۋە كۆچلۈك تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

# خەلق سەنئەتكارى روزەكباشنى ئەسلىگەندە

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق تارىخىدا پارلاق، ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرى بىلەن دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

بۇ مەدەنىي مىراسلار ھازىرقى كۈنگە قەدەر تۈگىمەس خەزىنە بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. جۈملىدىن ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي مىراسى بولۇپ، ئۇ خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان جانلىق مۇزىكا بايلىقى.

ئون ئىككى مۇقام خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇزىكا شەكلىنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا كىشىلەر تەرىپىدىن توقۇلغان سان - ساناقسىز داستانلار ۋە خەلق ناخشىلىرى، مۇقام مۇزىكىلىرىغا سېلىنىپ چېلىنىپ كېلىۋاتماقتا.

قەشقەر ھېيتگاھ جامە پەشتىقىدا ھەر يىلى بىرقانچە قېتىملاپ چېلىنىۋاتقان ناغرا بىلەن سۇناي مۇزىكىچىلىقىمۇ ئۇيغۇر ناخشا مۇزىكىچىلىقى ئەنئەنىسىنىڭ بىر تۈرىدۇر، ئۇنى باشقا مۇزىكا ئەسۋابلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، مۇقاملارنىڭ ساقلىنىشى ۋە

راۋاجلىنىشىدا ناغرا بىلەن سۇناي، قالغان چالغۇ قوراللىرى
بىلەن قول تۇتۇشۇپ مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

قەشقەردە ئۆتكەن ناغرا چېلىش ئۇستىسى روزەكباشى بىلەن ئەمەت ئاكام سۇنايچى ئەنە شۇ رولچىلاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ چالغان پەدىلىرىمۇ ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى ئاساسىدا رەتلەنگەن. بۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك، ناغرا بىلەن سۇنايدا چېلىنغان پەدىلەر ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، خۇشاللىق، تەنتەنە، ئۈمىد ـ ئارزۇ، دەرد ـ ھەسرەتلەر پۈتكۈل كۈيدە نامايان قىلدۇرۇلىدۇ.

نۆۋەتتە بىز بۇ كۈيچىلەردىن ناغرا ئۇستىسى روزەكباشىنى تونۇشتۇرىمىز.

## 1

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ۋارىسى ۋە ئۇيغۇر مىللىي سەنئەتكارلىرىدىن بىرى بولغان روزىكام 1872 ـ يىللىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيە تازغۇن يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى، دادىسى ئۇنى قەشقەر شەھىرىگە ئەكېلىش بىلەن بۇ يەردە يەرلىكلىشىپ قالغان.

روزىكام گەرچە ساۋاتسىز ئائىلىدە ئۆسكەن ۋە چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى زېرەكلىك ۋە تالانت ئۇنى قالاق قىلىپ قويمىغان، بەلكى ئۇيغۇر

خەلقىنىڭ يېگىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىغان ئادىتى، ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيىتى ۋە ئەخلاقىي خۇسۇسىيىتى ئۇنى ئۆزىگە خاس بىر خىل تۇيغۇ بىلەن چوڭ قىلغان، ياشىغان مۇھىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى ئۇنى ئىنسانپەرۋەر قىلىپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئادەمگەرچىلىك ئەخلاقى، يېتىم - يېسىرلەرگە قىلىپ كەلگەن خەيرخاھلىقى، زورلاۋانلاردىن قورقماس يۈرىكى، ۋەتىنىنى سۆيۈش روھى، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە چوڭقۇر جەلپ قىلىدىغان ناخشا ۋە مۇزىكىلىرى... ئۇنىڭدىكى يۈكسەك پەزىلەتلەرنىڭ نەمۇنىلىرىدىندۇر.

جاراڭلايدۇ جۇپ ناغرا، روزىكامنىڭ قولىدا،
چىن دىل بىلەن ئىشلىگەچ ئۇ ۋەتەنىنىڭ يولىدا.

ناغرا چالسا ئاسماندا گۈمبۈرلەيدۇ ئاۋازى،
تەڭكەش بولۇپ ئۆرلەيدۇ ساماچىلار پەرۋازى.

روزىكام ئۆزى ئۇستا بوم راۋابى سايرايدۇ،
ئوقۇغاندا ناخشىنى ھەممە زوقتا ئاڭلايدۇ.

بۇ مىسرالار روزىكام ھەققىدە ئەينى چاغدا ئېيتىلغان قوشاقلار بولۇپ، ئۇنىڭ خەلقىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىزدىنىپ، جاپا چېكىپ، ساپ قان - تەرلىرىنى سەرپ ئېتىپ بۇ ساھەدە پايدىلىق روللارنى ئوينىغانلىقىنىڭ ئېنىق گۇۋاھچىسىدۇر.

## 2

ئۇنىڭ دادىسى زاھىت ئاكا قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىي قىسمى ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شىمالىي بېقىنىغا جايلاشقان ئىلگىرىكى ئۆتەك بازىرىدا جىيەكچىلىك قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، قوشۇمچە سەۋزە - چامغۇر ساتىدىغان تىجارىتىمۇ بار ئىدى.

ئۇ، خىزمەت داۋامىدا ھەربىر كىچىنى سەگەك ھالدا ئۆتكۈزۈپ، مەسئۇلىيىتىدىكى رەستىنىڭ ئامانلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئويغاق تۇراتتى، كىچىك ئوغلى روزى ئاخۇننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالاتتى. روزى ئاخۇنمۇ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش، ئىچ پۇشۇقىنى يوقىتىش ئۈچۈن راۋاب چېلىشقا ئادەتلەندى.

كېچىنىڭ تىپتىنچ شارائىتى ئۇنىڭ راۋاب چېلىش سەنئىتىنى ئىگىلىشىگە ئىمكان بەرگەچ، ئۇستا راۋابچى بولۇپ يېتىشتى. بولۇپمۇ كېچىكىدىنلا مۇقام ئوقۇشقا ئىشتىياقمەن بولۇشى ئۇنىڭ ئون ئىككى مۇقامنى تىرىشىپ ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولدى، كېچىنىڭ تەڭ تۈنلىرىدە، سەھەرنىڭ پەيز ۋە يېقىملىق چاغلىرىدا «سابا» ئاتالغان غۇر - غۇر شاماللارنىڭ لەززەتلىك نەشئىلىرىدە راۋابىنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ لەرزان پەدىلىرىگە تەرەننۇم قىلدۇرۇپ، سەھەر ۋاقتىدا ئويغانغان بارلىق جانلىقلارنى پىغانغا سالاتتى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جامائەتچىلىككە تونۇلدى، بايۋەچچىلەرنىڭ سورۇنلىرىدىن ئورۇن ئالدى.

بايۇەچچىلەر ئۇنىڭ « ۋاڭ بەگنىڭ قىزى » ، « كېلىنلىك مەشۇقۇم دەيدۇ » ... دېگەن غەزەللىرىنى زوق بىلەن ئاڭلايتتى ، بولۇپمۇ « قۇمرى » دېگەن غەزىلى كىشلەرنى ھاياجانغا سالاتتى :

بىر كېچە ئويغاق ئىدىم ۋاقتى سەھەر ،
كەلدى سايراپ قاشىمە بىر جانىۋار .
كىم ؟ دېسەم ، قۇمرى ! — دېدى مەن بىخەۋەر.
قۇمرى سايراپ ئېيتىدۇ يا دوستى ھۇ ! يا دوستى ھۇ !!

دوستلىرىم ! قۇمرى ئەجەب ئاگاھىدۇر !
قۇمرىنىڭ ئېيتقان سۆزى ئاللاھىدۇر !
بارچە قۇشلار بەندىدۇر ، ئۇل شاھىدۇر !
قۇمرى يايراپ ئېيتىدۇ يا دوستى ھۇ! يا دوستى ھۇ!!!

دوستلىرىم قۇمرىگە مەن ئاشىق ئۆزۈم ،
شۇ سەۋەبتىن يىغلىغان قارا كۆزۈم .
بارچىگە پەندى ـ نەسىھەتتۇر سۆزۈم !
قۇمرى يىغلاپ ئېيتىدۇ يا دوستى ھۇ ! يا دوستى ھۇ !!!

...

قۇمرى ئەرەبچىدە پاختەك دېگەن قۇشنىڭ نامى بولۇپ ، قەشقەردە « قەشقەر پاختىكى » دەپ ئاتايدۇ .

شائىرلارنىڭ « قۇمرى قىلىپ گۇ ـ گۇ ...» دېگەنگە ئوخشاش شېئىرلىرى ئەنە شۇ قەشقەر پاختىكىگە قارىتىلغان . راستتىنلا ئۇنىڭ سېمىز ۋە يوغان گەۋدىسى ،

كۆل رەڭ سىياقى ، سادىدا خۇلق ۋە مىجەزى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بوينىدىكى ئۇيۇل مارجان تىزىقلىرى ئېسىلغاندەك سىزىق تارتىلغان تەبىئىي ئۇزۇنچاق قارا خالى ... ئۇنىڭغا بىر تۇرلۇك ھۆسن بەرگەن بولۇپ ، ئارىلاپ - ئارىلاپ «گۇ - گۇ - گۇك» دەپ سوزاپ ئۇنلۇك سايراشلىرى ئۇنى جەنۇبنىڭ بېغىنىڭ بۇلبۇلى دېگۈزگەن ئىدى . ئەپسۇسكى ، « تۆت زىياندىشنى يوقىتىش جېڭى » ئۇنىڭ نەسلىنى قەشقەر شەھىرىدىن قۇرۇتۇۋەتتى .

× × ×

روزەكىباشى پاكىز تەبىئەتلىك ئادەم بولۇپ ، دائىم پاكىز يۇرۇشنى خالىغاچقا ، ئاق چوتا ( سىلىقلانغان ماتا ) ياكى ئاق خەسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن ۋە ئالدى ئوچۇق كوڭلەكنىڭ ياقىسىنىمۇ كىر قىلماي ، قىزىل چەكمەندىن تىكىلگەن ئۇزۇن تونلىرىغا چەل تەگكۈزمەي ، چىلگىدەك سەللىنى بېشىغا يۆگەپ چىرايلىق مەسە كىيىپ ، كۆركەم ياسىنىپ يۇرەتتى .

ئۇ گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم بولۇپ ، ئۆزىدىن چوڭ ۋە ئۆزىدىن كىچىك بولغان كىشىلەرنى غوجام ۋە ئۆزلىرى ... دەپ ئاتاپ ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ئوبدان قىلاتتى . لېكىن ، بايۋەچچە ۋە بەگزادە ئاتالغان گىدەيگۈلەرگە بۆزەك بولمايتتى ، پەيتى كەلگەندە ئۇلارنى ۋاي غوجام دەپ تۇرۇپ خۇشخۇيلۇق ئىستىھزا بىلەن ئەدەپلەيتتى . شۇنىڭدەك تويلاردا ، كاتتىلار ئولتۇرۇشلىرىدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ راۋاب چېلىپ بېرىپ ، بەزمە

ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللىققا چۆمدۈرەتتى .

## 3

روزەكىباشى چوڭ بولغان كۈنلەردە ئېلىخان دوقا دېگەن بىر ئۇستا بار بولۇپ ، ئۇ قەشقەرنىڭ مەشھۇر ناغرا چېلىش ئۇستىسى ئىدى . ئۇ ناغرا سەنئىتىدە ماھىر بولۇپ ، ئون ئىككى مۇقامنى ياخشى بىلەتتى ۋە ناغرىنى شۇ ئاساستا چالاتتى ، بۇ ئۇستا روزەكىباشىنى شاگىرتلىققا ئېلىپ ھۈنىرىنى ئۆگەتتى ، روزەكباشىمۇ بىر مەزگىل ياردەمچى ناغرا بولغان دۇم ( بوم ئاۋازلىق ) ناغرىنى چېلىپ ( دۇم ناغرا چېلىش سەنئىتىمۇ ئالاھىدە ئۇستىلىقنى تەلەپ قىلاتتى ) ، ناغرا چېلىشنىڭ بارلىق ئۇسۇللىرىنى ياخشى ئۆگەندى .

ئاز ئۆتمەي ئېلىخان ۋاپات بولدى ، ئۇنىڭ ناغرا چېلىش ئىشى روزەكباشىغا قالدى . ئۇ قەشقەر بويىچە ئۇستا سۇنايچى ئەمەت ئاكا بىلەن بىر بولۇپ ، ئىككى ماھىر سەنئەتكار پەرلەشتى .

ئەمەت ئاكا سۇنايچى بورىختاي (ھازىرقى بۇلاقسۇ ) لىق بولۇپ ، بۇ ھۈنەرنى ئۇ خوتەندە تۇرغان بىر ئۇستىدىن ئۆگەنگەن ، بارلىق قائىدىلىرىنى دېگۈدەك ئىگىلىگەن داڭلىق بىر سۇنايچى بولۇپ يېتىشكەن ئىدى . ئۇنىڭ چالغان سۇنىيى راستىنلا مۇڭلۇق ئىدى ، ھەر يىلدا كېلىدىغان 30 كۈنلۈك رامىزاننىڭ ھەممە كېچىسى سىرھورلۇق ( سەھەرلىك يېمەك ) قا كىشىلەرنى ئويغىتىش

ئۇچۇن سۇنايىنى ئاغزىغا سالغان هامان ، پەشتاقنىڭ ئالدىنى شەب ( كېچىلىك ) بازارچىلارنىڭ توپى ئوراپ ئالاتتى ، ئۆي ـ ئۆيلەردىن كىشلەر شېرىن ئۇيقۇلىرىنى تاشلاپ هېيتگاه مەيدانىغا يىغىلاتتى .

روزەكباشمۇ ئەمەت ئاكىنىڭ چالغان يېقىملىق ۋە مۇڭلۇق سادالىرى بىلەن مەست بولغان هالدا پەشتاقنىڭ ئوڭ چېكىسىگە جايلاشقان ئورنىدا چىرايلىق يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ، ئاجايىپ سىپايىلىق بىلەن ناغرا چوكىسىنى هەرىكەتكە سېلىپ ، كىشلەرنىڭ قەلبىنى جەۋلانىغا كەلتۈرەتتى . هاياجانلانغان كىشلەرنى ئىختىيارىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈرۈپ ساما مەيدانىدا رەقس قىلدۇراتتى . كىچىك ـ كىچىك پانۇسلارنىڭ پىلدۇرلىغۇچ يورۇقى ، گازىۋاي لامپىلارنىڭ مەشئەللىك نۇرىدا يورىغان مەيدان تاماشىچىلار بىلەن زىننەتلەنگەن بولاتتى .

× × ×

هېيتگاه جامەسى خەلقنىڭ مۇقەددەس جايى بولۇپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ مەدەنىيەت گۇۋاهچىسى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقاچقا ، روزەكباشمۇ هەر يىلدىكى روزى هېيت ۋە قۇربان هېيت مەزگىللىرىدە ، بۇ جامەنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۆگزىسىدىكى ئېگىز پەشتاقنىڭ ئۈستىدە يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ، ياردەمچىسى جامال بىلەن بىرلىكتە ناغرىنى تولىمۇ مۇڭلۇق چېلىپ ، قەشقەر شەهرىنى هاياجانغا كەلتۈرەتتى . ئەمەت ئاكا سۇنايچى هەم ئاخىرقى هاياتىدا

كۆز نۇرىنى يوقىتىپ ئەما بولغان كۈنلىرىدىمۇ كىشىلەرنىڭ يېتەكلەپ مېڭىشى بىلەن رامىزاننىڭ كېچىلىرىدىمۇ 17 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پەشتاقنىڭ يىلان باغرى ئەگرى يوللىرىدىن تىمىسقىلاپ مېڭىپ چىقىپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ باراتتى، روزىكام بىلەن بىرلىكتە ئىككى ھېيت كۈنلىرى ھېيتگاھ سەھنىسىگە يىغىلغان نەچچە مىڭلىغان كىشىلەر، ئەتراپ سارايلاردىكى چايخانىلارغا تولۇپلاشقان، شۇنىڭدەك پەشتاق ۋە مۇنارلارغا قارا قاغىدەك قونۇۋېلىپ ئولتۇرىدىغان ياش - ئۆسمۈر تاماشىچىلارنى چالغان پەيزىلىك سۇناي - ناغرىلار بىلەن مەست - مۇستەغرەق قىلىپ، ھېيتلارنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە تۈرتكە بولاتتى. تاماشا كۆرگۈچىلەر خۇشاللىق يارىتىپ بېرىدىغان بۇ ھېيت تەنتەنىسىنىڭ شادىيانىلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بۇ خەلق سەنئەتكارلىرىغا زوق بىلەن قارىماي قالمايتتى.

× × ×

روزەكباشى يالغۇز ساز سەنئەتكارى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى خەلقنى سۆيىدىغان، يۇرتنى سۆيىدىغان بىر خەلقچىل كىشى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىن تارتىپ يېتىم - يوقسۇللارنى ئۆز قانىتىغا ئېلىشى، زوراۋانلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىشى... ئەنە شۇ خىسلەتلەرنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى ئىدى. روزەكباشى ئۆزى تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولغانلىقتىن، ئۆزىگە ئوخشايدىغان يوقسۇللارنى ھىمايە قىلاتتى، ئۇنىڭ

ياش ۋاقتىدىكى ھاياتى، يۇرتىمىزدا ئەۋج ئالغان گۈلەخ - گۈلىخى غېرىب كېپەن ئاتالغان كەمبەغەللەرنىڭ ھاياتى بىلەن ھەمنەپەس ئۆتكەنلىكتىن «يېتىمەك» ئاتالغان تەڭداشلىرىغا تولىمۇ كۆيۈنەتتى.

دادىسىنىڭ خىزمىتى ۋە ياشاش دائىرىسى شەھەر ئىچىدىكى ئىككى ھاممامىنىڭ بىرى بولغان كىچىك ھاممامىنىڭ ئالدىغا جايلاشقانلىقتىن، ئۇنىڭ دىققەت - نەزىرى ئەنە شۇ ھاممامنىڭ ئوت قالايدىغان ئۆرنى بولغان گۈلەختە، قىش كۈنلىرى جان ساقلايدىغان يېتىمەك گۈلەخلەر بىلەن بەنت ئىدى، ئۇلار قىشنىڭ ئۇزاق ۋە دەھشەتلىك تۈنلىرىدە مۇزلاپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۈلگە بۇلىنىپ يېتىپ، كۆيۈپ قالماي ساق چىققانلىرى ئالەمگە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا مۇبارىزەئى ھايات (ھايات ئۈچۈن كۈرەش) ئۈچۈن ئۈستۋاشلىرىدىكى كۈلنىڭ يېپىشقاق توزۇندىلىرىنى قېقىشتۇرۇپ - قېقىشتۇرمايلا گۈلەختىن چىقاتتى - دە، يۈز - كۆز، باش - بويۇن، قول - پۇتلىرىنىڭ قاپقارا ۋە كۆپكۆك رەڭدىكى كۈلنىڭ بويىشى بىلەن «ئىسسىق ماكان» ئاتالغان گۈلەختىن چىقىشىغا تەگكەن ئەتىگەننىڭ سوغۇق شاملى ئۇنى توڭدۇرۇپ، كىيىنگەن يېلىڭ كىيىملىرى، ئۇنىڭ سۆكۈلگەن چاكلىرى، يىرتىلغان يىرتىقلىرىدىن غۇرۇلداپ كىرگەن سوغۇق بىلەن ۋۇجۇدى لاغىلداشقا باشلايتتى، يۈز، قول - پۇتلار كۆپكۆككە ئايلانغانلىقتىن سىياقى باشقىچە تۈسكە كىرەتتى.

مۇنداق چاغلاردا روزىكام ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق،

قىلىپ، كۆندۈزلىرى تېرىپ قويغان چاۋارلىرى، پارچە - پۇرات ئوتۇنلىرى بىلەن ئوت يېقىپ غولا سېلىپ بېرەتتى، بۇنىڭ بىلەن يېتىمچىلەر چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئىسسىنىپ ئالاتتى، ئۇلار « قومغان » دەپ ئاتالغان قوم چۆگۈندە قاينىغان قايناق سۇ بىلەن ئىسسىقلىق ئىچىۋالاتتى، بۇنىڭ بىلەن بىرئاز ماغدۇرغا كىرگەن يېتىمچىلەر ھەر تەرەپكە چېچىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە، قوللىرى ياتلارنىڭ ئېتىكىدە « خەير » تىلەش بىلەن ئۆتەتتى.

يېتىمچىلەرگە قىلىنغان بۇ غەمخورلۇقتىن غېرىب - يوقسۇللار خۇشلۇق ۋە مەمنۇنىيەتلىرىنى سولغان چىرايلىرىدىكى يېقىملىق تەبەسسۇملىرى بىلەن بىلدۇرۇشكەن بولسا، زورىكامۇ ئۇلارغا تۇغدۇرۇپ بەرگەن ئازغىنا ئاسايىشلىقىدىن خۇشال بولاتتى.

لېكىن، گۈلەختە ئىسسىنىش جەريانلىرىدا ئۆزلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئالغانلارنى كۆرگەندە تولىمۇ ئېچىنىپ، ئۇنىڭ ئېگىسىزلىكى، داۋالاشتىكى قىيىنچىلىقى ئۈچۈن قاراپ تۇرالمايتتى، تونۇش - بىلىش ۋە ئەتراپىدىكى كاسىپ، تىجارەتچى رەھىم ئىگىلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلاردىن شەپقەت پۇلى ئېلىپ بېرەتتى.

روزەكىباشىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى 1934 - يىلى 6 - فېۋرالدىكى « قەشقەر قەتلىئام پاجىئەسى » كۈنلىرىدە باندىتلار قولىدىن بىرقانچە جاننى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ كاللا كېسەرلىرىدىن بولغان قانخور مافۇيۈەن ۋە ما جەنساڭلارنىڭ قانخور ئادەملىرى قەشقەر شەھىرىنى قىرغىن قىلغان كۈنى بىرقانچىلىغان كىشىلەر

ھېيتگاھ جامەسى ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالغان. بۇلارنى روزەكباشى ئۆزى يېتىپ - قوپۇدىغان ھۇجرىغا، شۇنىڭدەك يوشۇرۇشقا ئىمكان بولغان يوچۇقلارغا يوشۇرۇپ، ئۇلارنى قاراقچىلار قولىدا ئۆلۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان.

روزەكباشى بۇلارنى ئاسراپ قالماستىن، بەلكى مەسچىتنىڭ ئىپتىخارىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنمۇ كۈرەش قىلغان ئىدى. 1934 - يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۇرۇمچىدىن قەشقەرگە كۆپلەپ قېچىپ كەلگەن ماجۇڭيىڭنىڭ قاچقۇنلىرىنى ھېيتگاھ ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقتىن، ئۇلار ئاتلىرىنى جامە ئىچىگە سولاشقان ئىدى. ئاتلار دەرەخلەرگە باغلانغانلىقتىن، دەرەخلەرنى غاجىلاپ ۋەيران قىلغان. سىيىپ، تېزەكلەپ پاسكىنا قىلىۋەتكەن، ئەسكەرلەر ئېرىقلىرىدا كىر يۇيغان ...

روزەكباشى بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، ئۇلارغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ:

— سىلەرمۇ مۇسۇلمان! مەسچىت مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت ئورنى ۋە مۇقەددەس جايى! مۇنداق ئۇلۇغ جاينى مۇسۇلمان نامىنى ئالغان كىشىلەرنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىشى ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپلىق ... دەيدۇ. لېكىن، ئۇلار ۋەھشىيلىكىنى ئاشكارىلاپ روزەكباشىنى باغلاپ، بىزگە قارشى چىققۇچى «زىۋازا» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ، ئۇرۇپ، ئىككى كۈنگۈچە دەرەخكە باغلاپ ئاچ قويغان. بۇ ۋەھشىيانە ئازاب ئۇنىڭ روھىنى سۇندۇرالمىغان.

بولسمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ يەتكۈزگەن ئەلىمى ئۇنى كېسەلگە مۇپتىلا قىلغان ، قانچە داۋالانغان بولسىمۇ ياخشى بولۇپ كېتەلمىگەن .

ئەنە شۇ كېسەللىك بىرنەچچە يىللاپ داۋام ئېتىش بىلەن يۈرەككە تەسىر كۆرسىتىپ ، 1942 ـ يىلى يۈرەك كېسەللىكى بىلەن ئاغىرىپ ۋاپات بولۇپ كەتكەن .

× × ×

روزەكباشى ئۆزىنىڭ سەنئەت ئۇستىلىقى بىلەن قەشقەردە ئۇستا تېخنىكا ئىگىسى دېگەن مەنىدىكى «باشى» دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولغان بولۇپ ، ئۆزىنىڭ 30 ــ 40 يىللىق ئۆمرىنى ئەنە شۇ يولدا سەرپ قىلغان . بولۇپمۇ ئۇ ناغرا چېلىشنى خەلقنىڭ خىزمىتى دەپ تونۇغانلىقى ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ بۇ يولدا چەككەن رىيازىتىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ خەلقنى خۇش قىلغان . ھاياتىدىن كېيىنكى كۈنلەرنىمۇ ئويلىغان ھالدا شاگىرتى مودىنخاننى ، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ ئاكىسى توختاخۇنىنىڭ ئوغلى ياقۇپ ئاخۇن قاتارلىق ئىزباسارلارنى تەربىيىلىگەن .

روزىكام گەرچە بۇنىڭدىن 40 يىللار ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىز باسارلىرى ئۇنىڭ ئۆلمەس روھىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى .

ئۇلار ھەربىر ھېيت كۈنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ خۇشاللىق كۈنى بولغان ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ناغرا چېلىپ ، ئادەملەرنى خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن ... بۇلارنىڭ چالغان ناغرىسىنى ئاڭلاپ كىشىلەر روزىكامنى ئەسلەيدۇ ،

دۇئالىرىدا ياد ئېتىدۇ ...

1983 ـ يىلدىكى ھېيت ئاجايىپ تەنتەنىلىك ئۆتتى ، كىشىلەردىكى شادلىق ھەسسىلەپ ئۆستى . مەن شۇنى كۆرگەندە روزىكامنى ئەسلىدىم ، كاشكى بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ھايات بولغان بولسا ئىدى ، خەلقنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى بۇ خىل خۇشاللىقلىرىنى كۆرۈپ ، يۈرىكى قانچىلىك خۇشاللىققا تولغان بولاتتى ۋە سەنئەتتىكى ماھارەتلىرىنى يېڭىلاپ كۆرسەتكەن ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئاھاڭلىرىنى ئۇنتۇلغۇلارغا ئېلىپ ئالغان بولاتتى ...

بۈگۈن ئۇ ئارىمىزدا يوق . پەقەت ۋارىسلىرى ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ياخشى كۈنلىرىنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ روھىنى تىنچىتماقتا ... مەن ھەم ئۇنىڭ سەنئەت گۇۋاھچىلىرىدىن بىرى بولغىنىم ھالدا ئۇنى يادلاۋاتىمەنكى ، بۈگۈنكى خاتىرەممۇ ئەنە شۇ ئەسلەش دۇئالىرىمنىڭ بىر بۆلىكىدۇر .

# قەشقەر تارىخىدىكى « فېۋرال پاجىئەسى »

جەنۇبىي شىنجاڭ مۇھاپىزەت باش قوماندانى خوجىنىيازھاجى 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى .

شۇ چاغدا قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭ (چولاق زىخۇي) غا قارشى « يېڭىشەھەر » سوقۇشى بولۇۋاتاتتى . بۇ ئۇرۇش باشباشتاقلىق ، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق سىلىشى تۈپەيلىدىن بىر تەرەپ بولمىغان ئىدى . گەرچە بۇ ئۇرۇش باشلانغىلى 60 نەچچە كۈن بولغان ، « يېڭى ھۆكۈمەت » نىڭ جىددىي سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن كۈچەيتىلگەن بولسىمۇ ، يېڭى شەھەردىكىلەر تېخى تەن بەرمەيۋاتاتتى .

خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرگە كېلىپلا ، يېڭىشەھەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا جىددىي تۇتۇش قىلدى ، بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ، ئۇنۇم كۆرۈلۈشكە باشلىدى . ما جەنساڭ تەرەپ چېكىنىپ سېپىل ئىچىگە مۆكۈنۈشكە مەجبۇر بولدى . شۇ كۈنلەردە مافۇيۈەن

باشچىلىقىدىكى ئۈچ تۈمەن ئەسكەر ئاقسۇدىن قەشقەرگە كېلىۋاتاتتى. خوجىنىياز ھاجى ئۆلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردا كۈچلۈك قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بىر كېچىدىلا قەشقەردىن كېتىپ قالدى.

خوجىنىياز ھاجى 28 - يانۋار كۈنى كېچىسى بىر بۆلۈك كۈچىنى ئېلىپ يەكەنگە كەتتى. مەھمۇد موھىتى ئاساسىي كۈچى بىلەن يېڭىسارىدىكى خوتەنلىك ئەمىرلەر بىلەن ھەمكارلىششقا قالدى. «يېڭى ھۆكۈمەت»نىڭ باش ۋەكىلى ساۋۇت داموللا ئاساسىي كۈچىدىن ئايرىلغان ھالدا يېڭىساردا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، يەكەنگە كەتكەن ئىدى. «يېڭى ھۆكۈمەت» قارىمىقىدىكى قوشۇنلاردىن قەشقەر شەھەر مۇھاپىزەت قوماندانى كىچىك ئاخۇن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئاستىن ئاتۇشقا، «زىرائەت نازىرى» ئوبۇل ھەسەن ھاجى (مۇسابايوۇپ) زەيدىن كارۋان باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئۈستۈن ئاتۇشقا، «دۆلەت مۇداپىئە نازىرى» قىرغىز ئوراز بەگ قىرغىز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئۇلۇغچات تەرەپكە، «قەشقەر گارنىزون قوماندانى» ئۆزبېك يۇسۇپجان قۇربېشى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يېڭىسار تەرەپكە كەتتى، قەشقەر شەھىرى ما فۇيۈەن قىسىملىرىغا ئوڭچە قالدى. بۇ چاغدا شەھەردىكى بايلار قولىغا چىققانىنى ئېلىپ چەتكە قاچتى، ئىمكانىيىتى بارلار شەھەرنى تاشلاپ يېزىغا چىقىپ كېتىشتى. ئىمكانىيىتى يوق كاسىپلار، كەمبەغەللەر... شەھەر ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۆزبېك يۇسۇپجان قۇربېشى

باشباشتاقلىق قىلىپ، ھېچكىمگە يۆلەنمىگەن ھالدا تۇنگانلار بىلەن يەنە بىر قېتىم ئېلىشماقچى بولدى. خوجىنىيازھاجى قەشقەرگە كەلگەندە «ھاجى ئاكا» دەپ يۇرۇپ نۇرغۇن مىلتىق، ئوق ـ دورىلارغا ئىگە بولغان يۇسۇپجان خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ يېرىم يولدىن قايتىپ، يولنى تاشمىلىق تەرەپكە سالدى ـ دە، بورىختاي (بۇلاقسۇ) ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى ۋە بىر قىسمى شەھەر ئەتراپلىرىغا كىرىۋېلىپ، يەرلىك دېھقانلارچە كىيىنىپ خەلققە ئارىلىشىپ يۇرۇۋەردى.

ما فۇيۇەن ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ، قەشقەرگە يېتىپ كېلىپلا كونىشەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇنى قەشقەرنىڭ ھاكىمى (شەنجاڭ) ياقۇپبەگ لاۋسى، ئىبراھىم لوزۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم بايلار شەھەر سىرتىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ شەھەرگە باشلاپ كىردى. ما فۇيۇەنىڭ ئەسكەرلىرى شەتەي يامۇلى بىلەن دوتەي يامۇلىغا ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، بىر قىسمى شەھەر ئىچىدىكى تىجارەتچىلەرنىڭ سودا ـ سارايلىرىغا، ئومۇمەن ھېيتگاھ مەيدانى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. ما فۇيۇەن گەرچە قەشقەر شەھرىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، سېپىل ئىچىگىلا ھۆكۈمران ئىدى. دەرۋازا تېشىغا ھۆكۈمى ئۆتمەيتتى. ئەسكەرلىرىنى قىشلىق كىيىندۇرۇش ئىشى مۇھىم بولغاچقا، شەھەردىكى بارلىق كاسىپلارنى يىغىۋالدى. كىيىم تىككۈچى، موزدۇز، بوياقچى، ئېگەرچى، تاسمىچى، ياغاچچى، ھەتتا تۆگمە ياسايدىغان ئۇستىلارغىچە ھەيدەپ كېلىپ سارايلاردا بېسىۋالغان چەكمەن ـ ماتالاردىن كىيىم

تىكتۈردى. مىلتىققا تاسما، ئاتلارغا ئېغىل ياساتتۇردى.
كاسىپلارنى قۇرۇق جىگموما بىلەن ئاچ - توق قويۇپ ئىشقا
سالدى. ياخشى ئىشلىمىسە مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن
ئۇردى. ئۇلارنى بالا - چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى،
ھەتتا ئۆيىدىن كەلگەن تاماقنى ئالدۇرماي قاتتىق ئازاب
سالغان ئىدى. ما فۇيۈەن قوشۇنلىرىغا ئوزۇقلۇقنى
يېزىلاردىن ئالاتتى. يېزىلارغا قورااللىق ئەسكەر چىقىرىپ،
ئوتۇن، سامان يىغدۇراتتى. بەزىدە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى
يېزىلاردا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچراپ قېچىپ كېلەتتى.
يېزىلاردا بولۇۋاتقان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم بارغانسېرى شەھەر
بېقىنىغا يېتىپ كېلىپ، تۇمەن دەرياسىغا ئېلىپ چىققان
ئاتلىرىنى ھۇجۇمچىلار تارتىپ ئېلىپ كېتەتتى. ما فۇيۈەن
بۇ ئەھۋاللارنى ئوگىشاش ۋە شەھەر خەلقىنى باستۇرۇش
ئۈچۈن، بەگ، پاششاپ، مىرشەپلەردىن كەڭ پايدىلاندى.
قەشقەرنىڭ بۇرۇنقى ئاتاقلىق باجگىرى ئىبراھىم لوزۇگىنى
شەھەر مۇھاپىزەتچى قوماندانى ( چېگفاڭ سىلىڭ ) قىلىپ
تەيىنلىدى. ئىنقىلابچىلار سېپىدىن قېچىپ كەلگەن
رىشتەمنى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ قوماندانى ( بۇيىجى
سىلىڭ ) قىلدى. رىشتەم ئاستىن ئاتۇش تىجەنلىك
ئىدى، بۇرۇن دۇمبىلاقچى ( ئېشەكچى كىراكەش ) بولۇپ،
فەرغانىگە چىقىپ قىرغىزىستاندىن چىققان جانىبەك
قازىنىڭ ئىسيانچىلىرىغا قاتناشقان، كېيىن قېچىپ كېلىپ
قىمارۋازلىق قىلغان، شۇ يىللاردا كىچىك ئاخۇن
بىرىگادىسىدا لىيەن دەرىجىلىك ئەمەل تۇتقان، كىچىك
ئاخۇن شەھەردىن چېكىنگەندە، 30 دەك قورااللىق ئادىمىنى

ئەگەشتۈرۈپ، شەھەرگە قېچىپ كىرىپ تۇنگانلارغا تەسلىم بولغان ئىدى. ما فۇيۈەن شەھەر ئەتراپىدىكى ھۇجۇمچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، نەيرەڭ ئىشلىتىپ، ئاتۇشتىكى كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭنى يوقىتىش ئۈچۈن 6 ـ فېۋرال شەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە ئاتۇش تەرەپكە ئەسكەر ماڭدۇردى. شۇ كۈنى قار يېغىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېڭى شەھەردىكى ما جەنساڭنىڭ ئالا ياماق چاپان كىيگەن ئەسكەرلىرى كېلىپ ھېيتگاھدىن ئۆتۈپ شەرق تەرەپكە مېڭىپ كەتتى. بۇ ئىككى قوشۇن ئەمەلىيەتتە ئاتۇشقا بارمىغان ئىدى. ما فۇيۈەن ئاپپاق خوجامنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ يول بىلەن بۇچا تەرەپكە كەتكەن بولسا، ما جەنساڭ ئۆز قوشۇنىنى ئېلىپ دۆلەتباغ رايونى ئارقىلىق يېڭى شەھەرگە كەتكەن ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۆزبېك قوشۇنلىرى باشلىقلىرىدىن قوچقار باي ئۆزبېك، ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان 100 نەپەر پىدائىيلارنى باشلاپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ رەستىدىكى مۇساباييۇپلارنىڭ سودا سارىيىغا ئورۇنلاشقان تۇنگان بىرىگادا شتابىنى قولغا چۈشۈردى. يەنە بىر بۆلىكى توققۇزاق دەرۋازا گۈزىرىدىكى موللاخۇن ھاجى سارىيىغا ئورۇنلاشقان تۇنگان تۇەن شتابىنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئىككى شتابتا بىرنەچچە نەپەرلا ئادەم قالغان بولغاچقا، ئۆزبېك پىدائىيلىرى ئاسانلا قولغا چۈشۈرۈۋالدى. پىدائىيلار يەنە ئىككىگە بۆلۈنۈپ شەتەي يامۇلى بىلەن دوتەي يامۇلىغا ھۇجۇم قىلدى. دوتەي يامۇلىدىكى زىخۇيچىلار ( تۇنگانلار ) يامۇلنىڭ تاشقارقى

ھويلىسىغا چاقلىق پىلىموت قۇرۇپ ئات سېلىپ كەلگەن پىدائىيلارنى ئوققا تۇتتى، بىرقانچىسىنى ئۇجمىدەك تۆكۈۋەتتى. قالغان پىدائىيلار تۆت تەرەپتىن ئوراپ ھۇجۇم قىلدى. زىخۇيچىلار ئۇلارغا قارشى مۇداپىئەلەندى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى. پىدائىيلارنىڭ شەھەرگە كىرىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان «ئامىن» چىلار گۇرۇھى پەيدا بولدى. قوللىرىغا كالتەك، پالتا ـ كەتمەن ئېلىشىپ پىدائىيلارغا قوشۇلدى. بۇ گۇرۇھ بارغانسېرى كۆپەيدى. ئەتراپ يېزىلاردىن كىرىشكە باشلىدى. بۇ «ئامىن» چىلار دوتەي يامۇلىنىڭ ئەتراپىدىن يامغۇردەك ئوق يېغىپ تۇرۇشىغا قارىماي، ئامىن توۋلاپ دۈشمەنلەرنى قىستاپ بارماقتا ئىدى. ئۇرۇش شۇ خىل تىركىشىش بىلەن بىرنەچچە سائەت داۋام قىلدى. لېكىن، پىدائىيلار شەھەر دەرۋازىلىرىغا سەل قاراپ ئىچىدىن زەنجىرلەپ قويۇش بىلەنلا قانائەتلەنگەن ئىدى.

ئاتۇشقا بېرىش داغدۇغىسى بىلەن شەھەردىن چىققان ما فۇيۈەن بەشكېرەم ئېغىزىغا جايلاشقان ئۇزۇن سايغا يېتىپ كەلدى. «شام پادىشاھ» دېگەن مازارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ بىرنېمە كۈتكەندەك شەھەر تەرەپكە قاراپ تۇردى. دەل شۇ ۋاقىتتا چاپارمىنى يېتىپ كېلىپ شەھەر ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن مافۇيۈەن شەھەرگە قاراپ يول سالدى. ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە دوتەي يامۇلىدا ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتاتتى. بۇلار سېپىل ئۈستىدە قاراۋۇلىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ «تۆشۈك دەرۋازا» سىدىن شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى.

بۇلاردىن بىر قىسمى ھېيتگاھنىڭ شەرقىدىكى قاراڭغۇ رەستىنىڭ دوقمۇشىغا پىلىموت قۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدى. ئۇشتۇمتۇت بولغان ھۇجۇمدىن ھاڭ - تاڭ قالغان پىدائىيلار بىلەن «ئامىن»چىلار خامبازىرى سولاقخانىسىغا سۈرۈلدى. ئەمما ھەممە تەرەپنى تۇنگان ئەسكەرلىرى توساپ ئالغان ئىدى.

ئۇيقۇسى ئېچىلىپ دالدىلاردىن پايدىلىنىپ مۇداپىئە كۆرگەن پىدائىيلار قەيسەرلىك بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىپ، بېسىپ كېلىۋاتقان زىخۇيچىلارنى توختاشقا مەجبۇر قىلدى.

ئۇرۇش سائەتلەپ داۋام قىلىپ ھەر ئىككى تەرەپ چىقىمدار بولدى. پىدائىيلار سان جەھەتتىن ئازلىق قىلاتتى. پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى ئارقا ئەنجان كوچىسىدىكى «لى جىڭ» يامۇلغا چېكىنىشتى. يەنە بىر قىسمى جاننى ئالىقانغا ئالدى - دە، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ئەنجان رەستىسىگە قاراپ ئات سالدى. زىخۇيچىلار بۇلارنىڭ قەھرىمانلىقىغا ھەيران بولۇپ ئۆزلىرىنى ئوڭلاپ بولغۇچە بىرقانچىسى يارباغ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى، زىخۇيچىلار ئۇلارنىڭ يولىنى قاتتىق توسقان بولسىمۇ، ئۇلار ئاتنىڭ قارنىغا چۈشۈۋېلىپ زىخۇيچىلاردىن بىرقانچىسىنى دومىلىتىپ تاشلاپ قېچىپ چىقىپ كەتتى، بەزىلىرى ئۆلدى. چىقىپ كېتىشكە ئامال تاپالمىغان پىدائىيلار سۈرۈلۈپ ھېيتگاھ ئارقا ئەنجان كوچىسىدىكى «لى جىڭ» يامۇلى دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇنغا توپلىنىپ، ئېگىز سىراجتاملاردىن پايدىلىنىپ

ئۆزلىرىنى قوغدىدى. زىخۇيچىلار ئۇلارنى تۆت تەرەپتىن ئوراپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ ئوققا تۇتتى. بولۇپمۇ سېپىل تەرەپتىن قاتتىق ھۇجۇم قىلىشتى. لېكىن، بۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى قېلىن تامدىن ئۆتمەيتتى. پىدائىيلار بولسا كۆزگە ئىلىنغان زىخۇيچىلارنى ئېتىپ دومىلىتاتتى.

بۇ ئۇرۇش كەچ سائەت 4 لەرگىچە داۋام قىلدى. زىخۇيچىلار كۆپلەپ چىقىم تارتتى. يېرىم كۈنلۈك ئۇرۇشتا زىخۇيچىلار شۇ كوچىدىن 45 نەپەر پۇقرانى ئېتىپ تاشلىدى، ھايات قالغان كىشىلەر ئۆيدىن ـ ئۆيگە تۆشۈك تېشىپ ئۆي ئاتلاپ يۈرۈپ بۇ ئورۇندىكى كىچىك خالتا كوچىدا ئولتۇراقلاشقان ئافغان پۇقراسىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ جېنىنى ساقلاشتى. زىخۇيچىلار ئافغان پۇقراسىنىڭ ئۆيىگە ئېسىلغان ئىنگلىز بايرىقىغا قاراپ بۇ كوچىغا كىرمىگەن ئىدى.

« لى جىڭ »دىكى پىدائىيلار زىخۇيچىلار بىلەن كەچكىچە قەدەر ئېلىشىپ قارشى تەرەپنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى. زىخۇيچىلار ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇنۇم بەرمىگەندىن كېيىن ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ئالدامچىلىق قىلىشقا كىرىشتى. مەھەللىدىن تۇتۇۋالغان ئابدۇخالىق بىلەن زۇنۇن ئاتا دېگەن كىشىلەرنىڭ قولىغا بىر دانە ئاق بايراق بىلەن بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزۇپ پىدائىيلار تەرەپكە ماڭغۇزدى.

پىدائىيلار ئاق بايراقنى كۆرۈپ ئەلچى ئىكەنلىكىگە قاراپ ئوق ئاتمىدى. ئەلچىلەر كېلىپ پىدائىيلارغا بىر پارچە خەت تاپشۇردى. بۇ خەت ئەھرارخان تۆرەم،

مۇھەممەتخان ئاقساقال باشلىق ئۆزبېك مۆتىۋەرلىرى نامىدىن يېزىلغان ئىدى. خەتتە: سىزلەرنىڭ خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تاپتۇق، بىز سىلەرنى بۇ خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ما زۇڭزىخۇي بىلەن ئۈچرىشىپ سۆھبەتلەشتۇق، گۇناھلىرىڭىزدىن ئەپۇ سورىدۇق، ئۇ كىشى ھەم قوبۇل كۆرۈپ كەچۈرۈم قىلىدىغان بولدى، تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرسىڭىزلەر كەڭچىلىك قىلىدىغانغا ۋەدە قىلدى، ئۆتكەننى سۈرۈشتە قىلمايمىز دېدى، ئەگەر ئۆزىڭىزلەرنىڭ ھاياتىنى ئىزدىسىڭىزلەر ۋە قەشقەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقىنى خالىسىڭىزلەر تەسلىم بولغايسىزلەر، ما دارىن جانابلىرى چوقۇم كەڭچىلىك قىلىمەن دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچتى، بىز سىزلەرگە كېپىل بولدۇق، سىزلەرنىڭ تەسلىم بولۇشىڭىزلەرنى تەلەپ قىلىمىز دېيىلگەن ئىدى. پىدائىيلار بۇ تەكلىپنى مۇزاكىرە قىلىپ بىر قىسمى تەسلىم بولۇش، بىر قىسمى تەسلىم بولماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن ئىدى. مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرە قىلىشىپ ئاخىر تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولۇشتى. ئۇزۇن مىلتىقنى تاپشۇرىدۇ، تاپانچا، قىلىچلار ئۆز قولىدا قالىدۇ دەپ توختام قىلىشىپ بىرىنچى قەدەمدە ئۇزۇن مىلتىقلارنى تاپشۇرۇپ بەردى. زىخۇيچىلار ئۇزۇن قوراللارنى ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن تەسلىمچىلەرنى قورۇ ئالدىدىكى سەھنىگە تىزىلدۇرۇپ، يان قورال بىلەن قىلىچلىرىنى يىغىۋالدى. بۇنىڭدىن بىر سائەت ئىلگىرى ئۆزلىرىنى ئارسلاندەك ھېس قىلىشقان پىدائىيلار ئەمدى

قورالىلىرىدىن ئايرىلىپ سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بىچارە بولۇپ قالغانلىقلىرىنى تونۇپ ھەسرەت چېكىشتى. زىخۇيىچىلار ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئارقىغا قايرىپ ئارغامچا بىلەن باغلاشقا باشلىدى. باشلىق دەپ ھېسابلانغان 18 نەپەر كىشىنىڭ پۇتىغا كىشەن، قولىغا كويزا سېلىپ يېڭىشەھەر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. قالغان 40 ئادەمنى باغلاپ دوتەي يامۇلى تەرەپكە ھەيدەپ ماڭدى. بۇلار ھەرقانچە پۇشمان، نادامەت قىلسىمۇ ۋاقتى ئۆتكەن ئىدى.

يېڭىشەھەر تەرەپكە ھەيدەپ كېتىۋاتقان 18 كىشى قىزىلنىڭ كۆۋرۈككە يېتىپ كەلگەندە قاراڭغۇ بولۇپ قالغان ئىدى. ئارىدىن ئىككى ئادەم ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ قاچتى، قاراڭغۇدا زىخۇيىچىلار بايقىمىغان ئىدى. بۇ ئىككىيلەن قوراللىقلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن كۆۋرۈك دالدىسىدا دەملىرىنى ئېلىۋېلىپ تاڭ ئاتقۇچە قېچىپ پاختەكلە يېزىسىنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ ئامان تاپتى. قالغانلىرى شۇ كېچىسى يېڭىشەھەردە ئېتىپ تاشلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئابلا كەتمەننىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىم دېگەننى قورال - ياراغ ئۈستىسى ھاۋاز چوڭ دېگەن كىشى مېنىڭ تۇغقۇنۇم دەپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

ما فۇيۈەن پىدائىيلارنى ئالداپ قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، پىدائىيلارغا ياردەملەشكەن «ئامىن» چىلارنى پىلموتقا تۇتۇپ جازالىدى ۋە ئۈچ كۈنلۈك ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، بارلىق قوشۇنلىرىغا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا، ئۇچرىغانىنى ئېتىشقا بۇيرۇق بەردى. شەھەر كوچىلىرىغا پىت تارىغاندەك تاراپ كەتكەن زىخۇيچىلار بىرىنچى

قەدەمدە تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرىنى بۇلاشتى، ئىككىنچى قەدەمدە ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئۇچرىغان ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە چاناپ تاشلىدى. ئۆيلەرنى بۇلىغاندا دەسلەپ يېڭىراق ئۆيلەردە بۇلاڭچىلىق قىلغان بولسا، بارا - بارا ئومۇميۈزلۈك بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. بۇلىغان ماللىرىنى كەمبەغەللەرگە كۆتۈرگۈزۈپ ئېلىپ كەتتى. ئىشى تۈگىگەندە ئۇلارنىمۇ ئېتىپ تاشلىدى. ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرگەندە ئۆي ئىگىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل، سائەت بەر دەپ قىستىدى. خەلقلەر ئۆزىدە بار نەرسە - كېرەكلەرنى بېرىپ تۈگىگەن چاغدا يەنە قانائەت قىلماي، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى باغلاپ تۈۋرۈكلەرگە ئېسىپ ئۇردى. تۆمۈر قىزىتىپ ياقتى. پۈتكۈل شەھەرنى داد - پەرياد قاپلىدى. بىرىنچى قېتىم كىرگەنلەر بۇلاپ - تالاپ چىقىپ كەتسە، ئىككىنچى قېتىم كىرگەنلەر ئاۋۋالقىلارنىڭ كىرگەنلىكىنى ھېسابقا ئالماي يەنە قىينايتتى. قالغان - قاتقانلارنى ئالاتتى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىم كىرگەنلەرگە بەرگۈدەك نەرسە قالمىغاندا ئۇلار ئاچچىقنى جازالاش بىلەن چىقىراتتى. ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى. بۇ ۋەھشىيلەر بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپلا قالماستىن، خوتۇن - قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلدى. خوتۇن - قىزلارنى ئاتا - ئانىلىرىغا، ئەرلىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ نومۇسغا تەگدى. بۇ قىرغىنچىلىقتا يېڭىشەھەردىكى ما جەناڭ قوشۇنلىرىمۇ قاتناشقان ئىدى. ئالتە ئايلاپ يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىدە قامىلىپ ئازاب چەككەن بۇ ئەسكەرلەر

قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقى بولمىغان شەھەر خەلقىدىن ئۈچ ئېلىپ دەھشەتلىك قىرغىن يۈرگۈزدى.

تاڭ ئېتىشقا يېقىن ھەرقايسى ئۆيدە ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى ئىشىك ئالدىغا ئاچىقىپ ياتقۇزۇپ قويدى. بۇ ئىككىنچى كۈنى كېلىدىغان ۋەھشىيلەرنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن چارە ئىدى. بۇ چارە راستتىنلا ئۈنۈملۈك بولدى. ئىككىنچى كۈنى كەلگەن بۇلاڭچىلار ئۆلۈك بار ئۆيگە كىرمەي قايتىپ كېتىشتى. دەھشەتلىك 6 - فېۋرال كۈنى ئاشۇنداق خەۋپلىك ئۆتكەن بولسىمۇ، پاجىئە تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. شۇ كېچىسى تاڭ يورۇغۇچە ھەممە ئەتراپتىن مىلتىق، پىلىموتلار ئېتىلىپ تۇردى. 7 - فېۋرال كۈنى بۇلاڭ - تالاڭ يەنە داۋام قىلدى. لېكىن، ئەھۋال تۈنۈگۈنكىدەك دەھشەتلىك بولمىدى. چۈنكى، بۇ كۈنى ماجەنساڭنىڭ ئادەملىرى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلايدىغانغا پەقەتلا ئەسكى يوتقان، تەكىلەردىكى توزغاق، سامانلارلا قالغان بولغاچقا، ئەسكەرلەرگە ئانچە پايدا بەرمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ قوي، كالا، ئاتلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. 7 - فېۋرال كۈنى چۈش بولغاندا تۈنۈگۈن تەسلىم بولغان پىدائىيلارنى دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇلارنى ئوراپ ماڭغان قوراللىق قوغدىغۇچىلار سەينانىڭ ھەممە تەرىپىگە يېيىلدى. ئەسىرلەرنى تامنىڭ ئالدىغا ئىككى قاتار قىلىپ تىزدى. بۈگۈن بۇلارغا ھۆكۈم ئىجرا قىلماقچى بولغان ئىكەن، ئاز ئۆتمەي شەھەر ھاكىمى ( شەنجاڭ ) ياقۇپبەگ لاۋسى بېشىدا قارا پوسما، ئۇچىسىدا قارا لەمبۇقتىن

تىكىلگەن جاجازا چاپان، ئايىغىدا قارا مەخمەلدىن تىكىلگەن لاتا خەي ... كېيگەن ھالدا غەربىي يولدىن كىرىپ كەلدى. ئاندىن قەشقەر شەھىرىنىڭ قورچاق «چېكىفاك سىلىگى» ئىبراھىم لوزۇك باشچىلىقىدا شەھەر مۆتىۋەرلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشتى. بىر چاغدا يامۇل ئىچىدىن مافۇيۇەن چىقىپ كەلدى، يۈرت كاتتىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ سالام ئۇچۇن قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى. مافۇيۇەن كۆپچىلىككە سۆزلەپ: خەلقنى بۇلايدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى بۇزىدىغان ئىسيانچىلارغا قاتتىق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى، بۇلارنى تىلەشنىڭ ئۆزىمۇ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئۆزبېكلەرنىڭ پېشىۋاسى ئەھرارخان تۆرەم ئۆرنىدىن تۇرۇپ قايتا مۇراجىئەت قىلىپ، بۇلارنى ياخشى ئادەم قىلىش ئۇچۇن كاپالەت بېرىمەن دېيىدى، ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا بىر بۇيرۇق بىلەن پىدائىيلارنى پىلىموتقا تۇتۇپ قىرىپ تاشلىدى. بۇ 40 كىشىدىن ئابدۇراخمان ئىسىملىك بىرسى ئۆلۈكلەر ئارىسىدا يېتىۋېلىپ كېيىن قېچىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىدى. قالغان كىشىلەر قانغا بويىلىپ ئۆلۈپ تۆگەشتى.

ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى ئۇچ كۈن دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئىككىنچى كۈنى (7 - فېۋرال) قاراڭغۇ چۈشۈشكە يېقىن بۇيرۇق ئېلىپ تاشلاندى. كوچىلارغا ئادەم چىقىرىپ ئەل ئامان دەپ جاكار سالدۇردى. ئەسكى داسلارنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ، ئاۋاز چىقىرىپ، ھەربىي

هالـەتـنـىـڭ ئايـاغلاشقانلىقىنى ، بۇلاڭ ـ تالاڭنىڭ ئەمدى توختىغانلىقىنى ئۇنلۇك ئاۋازلار بىلەن جاكارلىدى .

8 ـ فېۋرال كـۈنـى كـوچـا ـ كـوچىدىن ئۆلگەن ئۆلـۈكـلـەرنـىـڭ تـاۋۇتـلـىـرى چىقىشقا باشلىدى . بامدات نـامـىزىدىن باشلانغان ئۇزىتىش چاشكا ۋە پېشىنغىچە يېرىم كـۈن داۋام قـىـلـدى . ئۆلگەن ئۆلۈكلەر كۆپ بولغانلىقتىن پـاشـشـاپلار هارۋىلارغـا قـاتلاپ بـېـسىپ گۆرىستانلىقلارغا ئاپـىـرـىـپ چـوڭ ئورەك كـولـىـتىپ ، ئۆلۈكلەرنى ئۈستى ـ ئۈسـتـىـگـە قـويـۇپ كـۆمـۈپ تـاشلاشـتـى . شـەهەردىكى ئۆلـۈكـلـەرنى ئۇزىتىش ، تاۋۇت كۆتۈرۈش باهانىسى بىلەن تىرىك قالغان ئەرلەر شەهەر تېشىغا چىقىپ كەتتى .

7 ـ فېۋرال كۈنى قەشقەر كونىشەهەردە ماجۇڭيىڭ ۋە مـا فـۇيـۈەن تەرىپىدىن قىلىنغان بۇ قەتلىئامدا ( چاپ ـ چـاپـتـا ) ئۆلـتـۈرۈلگەن ئادەم سانى زادى قانچە ؟ بۇ هەقتە ئېـنـىـق مـەلـۇمـات يـوق . لـېكىن ، شۋېد مىسسىئونېرلىرى كـوچـىلارغـا ئادەم چـىقىرىپ ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى كۆزدىن كـۆچۈرۈپ تىزىملىغان ئىدى . شۇلارنىڭ تىزىملىغان سانى هازىرچە ئاساسلىق سان بولۇپ كەلمەكتە . شۋېد ئادەملىرى هـېـيـتـگـاه مـەيـدانىدىن ئۆتۈپ شەرقىي يولدىكى زەيكەش مـەهـەلـلـىـسىگە يېتىپ كەلگۈچە تىزىملانغان ئۆلۈكلەرنىڭ سـانـى 4508 چـىقتى . بۇ سان ئېنىق سان هېسابلىنىدۇ . 1956 ـ يـىلى يازدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن كەلگەن ئۇيـغـۇر سـايـرانـى بـاشـچـىـلىقىدىكى ئۆمەك قەشقەر ۋالىي مـەهكـىـمـىـسـىـنىڭ زالىدا سۆهبەت يىغىنى ئاچقان ئىدى . يـىـغـىـنـدا 7 ـ فـېـۋرال قەشقەردە ما جۇڭيىڭ قىسملىرى

يۇرگۈزگەن قەتلىئام توغرىسىدا سۆز بولغاندا يىغىنغا قاتناشقان بارات ئاخۇن خەلپىتىم ( توكۇر ) شۆھدەلەر تىزىملىغان 4508 ئادەمنىڭ سانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ، بەزىلەر مۇلاھىزە قىلىپ شۇ قېتىمقى قىرغىندا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 6 مىڭغىچە دەپ پەرەز قىلىشتى . ھەرھالدا شۆھدەلەرنىڭ تىزىملىغان سانى بىرقەدەر ئەمەلىي سان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بىر شەھەردىن شۇنچە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەرقانداق ئادەمنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ .

ŞEREFSİZ ve
MÜNAFIK
DOMUZ
DÖNGELER

## ما فۇشىڭ ( ما تىنەي ) توغرىسىدا
## ئەسلىمە

« شىنخەي ئىنقىلابى »نىڭ ئالدى ـ كەينىدە قەشقەردە « تىتەي » ، « نىتەي » دەپ ئاتىلىدىغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۆتكەن ئىدى .

« تىتەي » دېگىنى دىۋىزىيە قوماندانى ( سىجاڭ ) دەرىجىلىك ، « نىتەي » دېگىنى بىرىگادا قوماندانى (لۈيجاڭ ) دەرىجىلىك ئەمەل ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەردە ئون نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ما فۇشىڭ ، يەنى ما تىتەي تىپىك ۋەكىلى بولۇپ ، ئۇ بىر مەزگىل «پادىشاھ» دەپ ، كېيىن « مومچى تاز » دەپ ئاتالغان ئىدى . مەن بۇ ھەقتە ئىگىلىگەنلىرىم ۋە بىلگەنلىرىم بويىچە قىسقىچە ئەسلىمە يازماقچىمەن :

ما فۇشىڭ ، خۇيزۇ ، ئەرەبچە ئېتى مۇھەممەت يۇنۇس . ئەل ئىچىدە ئۇنى يۇنىنىما دەپمۇ ئاتايتتى . ياڭزېڭشىن ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن قۇرۇلغان يەرلىك قوشۇننىڭ 10 ـ باتالىيونىغا قوماندان بولغان . مافۇشىڭ چاپسانلا ياڭ زېڭشىننىڭ ئىشەنچگە

ئېرىشىپ، دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى قەشقەرنىڭ تىتەيلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن. ئۇ، قەشقەرگە تىتەي بولۇپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئوغلى ما جىۋۇ «نىيتەي» بولۇپ بىللە كېلىدۇ. بۇلار قەشقەرگە كېلىپ ما تىتەي يېڭىشەھەردە، ما جىۋۇ كونىشەھەردە تۇرۇپ ئون نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

ما تىتەي ئۇچىغا چىققان شەھۋەتپەرەس بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئەيش - ئىشرەتكە قاتتىق بېرىلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىلمىشلىرىنى تۆۋەندىكى پاكىتلار ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

بىرىنچى، ماتىتەي قەشقەردە تۇرغان مەزگىللىرىدە كۆپلەپ خوتۇن ئالىدۇ. بۇ چاغدا خەلق ئىچىدە «ماتىتەينىڭ 40 خوتۇنى بار» دېگەن سۆز تارقالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق ھەرەمخانىسىدا كۆپلىگەن قىز - چوكانلار، قۇل - دېدەكلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسى ئاياغ ئاستى قىلىناتتى. ئۇنىڭ يالاقچىلىرى ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن خەلقنىڭ چىرايلىق قىزلىرىنى ئالداش، زورلاش، ئازدۇرۇش، ئوغرىلاشتەك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنىڭغا سوۋغات قىلىپ تۇراتتى.

ما تىتەي يېشى 60 تىن ئېشىپ ھالسىزلانغاندىن كېيىن، تېۋىپلارغا قۇۋۋەت دورىسى ياساتماقچى بولىدۇ. بۇ دورىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن قۇشقاچ لازىم بولغانلىقتىن، پۈتكۈل يۇرتقا قۇشقاچ ئالۋىنى سالىدۇ. مانا بۇ قەشقەر تارىخىدىكى مەشھۇر «قۇشقاچ ئالۋىنى» ئىدى. بۇ ئالۋان شۇ زاماندا يۇرت ئىچىدە قالتىس ئېغىر زۇلۇم بولغان ئىدى.

مەسىلەن ، تىنەيگە دورا ياساش ئۈچۈن 100 دانە قۇشقاچ لازىم بولسا ، شەھەر ھاكىمى بەگلەرگە 200 قۇشقاچ دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ، شەھەر بەگلىرى بولسا يېزا بەگلىرىگە 500 قۇشقاچ دەپ تاپشۇرغان . يېزا بەگلىرى يۈزبېشىغا ، يۈزبېشى ئونبېشىغا قاتلاپ بۇيرۇق قىلغانلىقتىن پۇقرا بېشىغا كەلگەندە ئۇ نەچچە قاتلىنىپ بىر بەگلىك تەۋەسىدىكى پۇقرالار 10 مىڭلاپ قۇشقاچ تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇشقان . مۇنداق زور ساندىكى قۇشقاچنى تۇتۇپ تاپشۇرۇش پۇقرالارغا ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان ئىدى . يېزا بەگلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۈزۈم چىقىرىپ قۇشقاچنىڭ ئورنىغا پۇل تۆلەش ئىشىنى يولغا قويغان . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالۋاننىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ يۇرت خەلقىگە مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر بالايىئاپەت بولغان . شۇ ۋاقىتتا قۇشقاچ ئالۋىنىنى تۆلەپ كېتەلمەي قاماققا ئېلىنغانلار ، ئۆي ۋاقىدىن ئاجراپ خانىۋەيران بولغانلار ناھايىتى كۆپ .

ئىككىنچى ، ماتىنەي ئالۋاننى تولا سېلىپ قەشقەر خەلقىگە ھېسابسىز جەبىر - زۇلۇم قىلغان مىلتارىست ئىدى . مەسىلەن ، ئۇ قەشقەردە دوبۇتىنىڭ جاڭگاللىقىغا (ھازىرقى ساۋخۇغا ) شەھەر ۋە ئوردا سالدۇرغان . بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن يۇرتقا ھاشار سېلىپ مىڭلىغان ئادەملەرنى كېچە - كۈندۈز ئىشلەتكەندىن تاشقىرى ، قۇرۇلۇشنىڭ ماتېرىياللىرىنىمۇ يۇرت - يۇرتتىن ئالغان . ساۋخۇ قۇرۇلۇشىدىكى زۇلۇم تارىختا خېلى ئېغىر ئۆتكەن زۇلۇملاردىن بولۇپ ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەرى

بەدىلىگە قاقاس يەردە شەھەر ۋە ھەشەمەتلىك قەسىرلەر قۇرۇلغان . بۇ ھەقتە خەلقنىڭ ئېيتقان قوشاقلىرى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق . مەسىلەن :

ساۋخۇ يولى قومۇشلۇق ،
ئورغاق سېلىپ ئورغان يوق .
14 يىللاپ شەھەر سورىغان ،
ما تىنەيدەك زالىم يوق ...

بۇ قوشاقنىڭ تۆتىنچى مىسراسىدىكى سۆز زالىملىقتا ھېچكىممۇ « ما تىنەيدەك بولغان ئەمەس » دېگەن ئۇقۇمنى ناھايىتى ئېنىق چۈشۈندۈرۈپ بېرىدۇ .

ئۇ يەنە سەيلە ـ تاماشا قىلىش ئۈچۈن ، قەشقەر ، يېڭىشەھەرنىڭ مەركىزىگە « لو » ناملىق ھەشەمەتلىك راۋاق ( قەيتۇر ) ياساتقان . بۇ قۇرۇلۇشنىمۇ يۇرتقا ئالۋان چېچىپ ئەمگەكچى خەلقنى ھاشارغا ئىشلىتىش بىلەن پۈتكۈزگەن .

. ما تىنەيىنىڭ دەۋرىدە قەشقەردە بولغان « موم ئالۋىنى » ناھايىتى دەھشەتلىك ئۆتكەن . بۇ ئالۋاندا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر خانىۋەيران بولغان ، قاماققا ئېلىنغان ، ھەتتا پۇت ـ قوللىرى كېسىلگەن . بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان ئىدى : شۇ زاماندا ئۇلۇغچاتنىڭ قىزىلبويى دېگەن يېرىدە نېفىتلىك بولۇپ ، ئۆزلۈكىدىن ئۆرلەپ قالغان ماي سازلىقلاردا ۋە سۇ يۈزىدە كۆرۈنگەن ، بەزى يەرلەردە لاتقىغا ئوخشاش ئۇيۇپ قالغان ئىكەن . بۇنى

كۆرگەن يەرلىك ئاردەملەر تاغ ياقىسىدىن موم چىقتى دېگەن گەپنى تارقىتىدۇ. ما تىتەي ئاڭلاپ بۇنى يىغىپ موم دەپ سېتىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. روزىبەگ، جىڭچى ئىمام، هاشىم چوڭ، ئاۋۇت ئىمام دېگەن كىشىلەرنى ئىشقا سېلىپ، قەشقەر كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەردىكى دۇكاندارلارغا بۇ مومنى كۆپلەپ ساتىدۇ. لېكىن، موزدۇزلار بۇنى ئىشلىتىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ موم بولماستىن، قاراماي ئىكەنلىكىنى بىلىپ سېتىۋېلىشتىن باش تارتىدۇ. بۇنى كۆپلەپ سېتىۋالغان دۇكاندارلار زىيان تارتىدۇ. زىيان تارتقان دۇكاندارلار موم سېتىۋېلىشنى رەت قىلسا، «پادىشاھ»نىڭ هۆكمىگە قارشىلىق قىلدى دەپ قامايدۇ. بۇنىڭدا زىيان تارتقان ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان خەلق ما تىتەينىڭ زۇلمى ئۈستىدىن ياڭزېڭشىنغا كۆپلەپ ئەرز ـ شىكايەت قىلىدۇ. بۇ توغرىدا ئۈرۈمچى جياڭجۈنى ما تىتەينى ئەيىبلەپ خەت ئەۋەتىدۇ. ما تىتەي ياڭ زېڭشىندىن كەلگەن بۇ ئەيىبلەش بەدىلىگە ئاچچىقىنى يەرلىك كىشىلەردىن ئېلىپ دەھشەتلىك چارىلەرنى كۆرۈشكە باشلايدۇ. مەسىلەن، روزىبەگنى باش جىنايەتچى قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى بېغىشىدىن كېسىپ شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تاغارچى كوچىنىڭ ئىمامى «جىڭچى ئىمام» بىلەن هاشىم چوڭ، ئاۋۇت ئىماملارنىڭمۇ قولىنى كېسىپ سازايى قىلىدۇ. قولى كېسىلگەنلەرنىڭ قولىنى ياغدا داغلاپ قېنىنى توختاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئازابىدا بەزىلىرى ئۇزاق قالماي ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئۈچىنچى ، ماتنتەي قەشقەردە ئۆزبەگ ـ ئۆزخان بولۇۋېلىپ ، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە ئانچە بويسۇنمايدۇ . مەسىلەن ، ئۇنىڭ ۋاقتىدا قەشقەرنىڭ ۋالىيسى جۇرۇيچى بىلەن قەشقەر كونىشەھەر ئامبىلى ما شاۋۋۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇت تېپىشىش بولۇپ ، ما تىتەي بۇ ئەھۋالنى ئۈرۈمچىگە مەلۇم قىلماستىنلا ، ئۇلارنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاپ ، تامغىسىنى تارتىۋېلىپ ، قەشقەردىن قوغلاپ چىقارغان . ياڭ زېڭشىن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ، ماتىتەيگە سۆزىنى ئۆتكۈزەلمەي ، جۇرۇيچىنى ئاقسۇغا ۋالىي ، ما شاۋۋۇنى ئۈچتۇرپانغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ ، بۇ ئىشنى ۋاقىتلىق بىر تەرەپ قىلغان بولىدۇ ، ئەمما ، كۆڭلىدە ماتىتەيدىن قاتتىق نارازى بولىدۇ .

ما تىتەينىڭ ئوغلى ماجۇۋمۇ دادىسىغا ئوخشاش سۆلەتۋاز ، ھەشەمەتخور بولۇپ ، قەشقەر كونىشەھەردىكى « يۇمىلاقشەھەر كۆلى » بويىغا بىر راۋاق سالدۇرغان . بۇنى كىشىلەر نىيىتەينىڭ راۋىقى دەپ ئاتىغان . ئۇ ، بەزىدە ھاۋانىڭ ياخشى ۋاقىتلىرىدا راۋاققا چىقىپ شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى . كەچقۇرۇنلىرى كانايچىلارنى سېپىلگە چىقىرىپ كاناي چالدۇراتتى .

دېمەك ، ئاتا ـ بالا ئىككىسى قەشقەردە ئۆزبەگ ـ ئۆزخان بولۇۋېلىپ ، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە تولۇق ئىتائەت قىلمىغانلىقتىن ، ياڭ زېڭشىن ئۇنى يوقىتىۋېتىش قارارىغا كېلىدۇ . لېكىن ، ئۇلارنىڭ قولىدا خېلى نۇرغۇن قورallıq قوشۇن بولغانلىقتىن ، ئۇنى ما شاۋۋۇنىڭ قولى بىلەن يوقىتىشنى پىلان قىلىدۇ . ما شاۋۋۇ بىلەن ما تىتەينىڭ

ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بىلدۈرىدىغان ياش زېمىندار ما شاۋۋۇغا ما تىڭنىڭ يوقىتىۋېتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى بېرىدۇ. بۇيرۇق 1924 - يىلى ماي ئايلىرىدا چۈشكەن بولسا كېرەك.

بۇيرۇق ئالغان ما شاۋۋۇ تولۇق تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ ئۈچتۇرپان قاخشال يولى بىلەن يولغا چىقىدۇ. ئاقسۇ، كۇچادىن تەشكىللەنگەن ياردەمچى قوشۇن رامزان ھاجى دېگەن ئادەمنىڭ قوماندانلىقىدا چوڭ يول بىلەن ماڭىدۇ. بۇ ئىككى قوشۇن بىر ۋاقىتتا قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ تەڭ ھەرىكەت قىلىدۇ. ما شاۋۋۇ قوشۇنى قەشقەر يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ئاقسۇ، كۇچادىن كەلگەن ۋاڭ، گۇڭ ۋە قادىر جەڭگىنىڭ قوشۇنلىرى قەشقەر كونىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىدۇ. ھۇجۇم بىرلا ۋاقىتتا باشلىنىدۇ. بىر - ئىككى سائەت مىقدارى داۋام قىلغان قاتتىق جەڭ نەتىجىسىدە ما تىتەي ئۆز رەقىبى بولغان ما شاۋۋۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئەڭ ئالىي جازاغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ دارغا ئېسىلغان تېنى قەشقەردە ئۇدا ئۈچ كۈن تۇرىدۇ.

ما تىتەي تۈلۈم چاشقان،
ئالۋانىنى تولا چاچقان.
خەلققە زۇلۇم قىلغاچقا،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

بۇ قوشاق دەل شۇ يىللىرى پەيدا بولغان ئىدى.

رامزان ھاجى باشچىلىقىدىكى قوشۇن سەھەردە
دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ئات سېلىپ كىرىپ،
ماجىۋۇنىڭ ئادەملىرى ئۇيقۇسىنى ئېچىپ بولغۇچە
يۇمىلاقشەھەرنى ئىگىلەيدۇ. ما جىۋۇ ئۆزىنىڭ مۇھاسىرە
ئىچىدە قالغانلىقىنى بىلىپ راۋاق تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ.
رامزان ھاجى ئۇنى قوغلاپ چىقىپ تەسلىم بولۇشقا دەۋەت
قىلغاندا، ئۇ تاپانچىسى بىلەن رامزان ھاجىنى ئېتىۋېتىدۇ.
لېكىن، مىنۇت ئۆتمەيلا ما جىۋۇغىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ.
ما تىتەينىڭ قەشقەردىكى ئون نەچچە يىللىق
ھۆكۈمرانلىقىغا شۇ يوسۇندا خاتىمە بېرىلىدۇ.

# 1930 - يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر توغرىسىدا ئەسلىمە

30 ـ يىللاردا قەشقەر خەلقى ئۇچۇن ئۇنتۇلماس پاجىئەلىك ۋەقەلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگىنى ئاز كەلگەندەك ، ئىككى قېتىملىق يۇقۇملۇق كېسەللىكمۇ قوشۇلغان ئىدى . بۇ ئىككى قېتىملىق كېسەللىكنىڭ بىرى قارا كېزىك ، يەنە بىرى چۇما ( تا ئۇن ) كېسەللىكى بولۇپ ، بۇلار قەشقەر خەلقىنىڭ هاياتىغا زور بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن ئىدى .

1932 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ، قەشقەر شەهىرىدە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل كېسەللىك ـــ قارا كېزىك يۈز بەردى . بۇ خىل كېسەللىكنىڭ تارقىلىشچانلىقى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا پۈتكۈل شەهەرنى قاپلاپ كەتتى . 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ، كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانى هەر كۈنى هەسسىلەپ كۆپەيدى . كىشىلەر كېسەللىك دەسلەپ باشلانغاندا ، ئانچە پىسەنت قىلمىغان بولسا ، كېيىنچە ئۆز

ھاياتىدىنمۇ ئەنسىرىشىپ ، كېسەللىكتىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ . لېكىن ، شۇ مەزگىلدە ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدا بىرەرمۇ داۋالاش ئورنى يوق بولۇپ ، كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلارنىڭ چەت ئەلنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق دوختۇرلىرىغا يالۋۇرىدۇ ، ئەمما بۇنىڭ نەتىجىسى تازا ئۇنۇملۇك بولماي ، ئاخىرقى ھېسابتا ، مۇسا ئاخۇن ( توكۇر ) ، زۇنۇن ئاخۇن ، خوتەنلىك مامۇتخان ھاجىم ، ئابدۇللا خەلپەم ھاجىم ، يۈسۈپ ھاجىم ، ئۆزبېك مىللىتىدىن بولغان تۇرغۇن ھېكىم ، مۇھىددىن مەخسۇم قاتارلىق تېۋىپلار پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ كېسەل داۋالاشقا كىرىشكەن بولسىمۇ ، لېكىن ھۆكۈمەت كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن ، تېۋىپلارنىڭ كۈچىمۇ ئاجىز كېلىپ ، ئۆلۈم خەۋپى بارغانسېرى ئېغىرلىشىدۇ . قارا كېزىك پۈتۈنلەي ياشلارغا يۇققان بولۇپ ، 40 ياشتىن ئاشقانلار يۇقۇملانمىغان ، يۇقۇملانغانلىرى ئاساسەن ساقىيىپ كەتكەن . يۈز بېرىۋاتقان ئۆلۈم ھادىسىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن ، بەزى كۈنلىرى ئەتىگەندە بامداتقا چىققان كىشىلەر تاكى كەچ كىرگۈچە ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش بىلەن بەنت بولۇپ ، ئۆيلىرىگىمۇ قايتىشالمىغان . بىر قىسىم سوپى ـ ئىشانلار جامائەتنى مەسچىت ، خانىقالاردا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇرغان ، بۇددا دىنىي راھىبلىرىمۇ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى يىغىپ ، بۇتقا باش ئۇرۇشۇپ ، « شەھەرنى قوغداشقا مەسئۇل » دەپ قارىشىدىغان چوڭ بۇتنىڭ بويۇن ۋە پۇت ـ قوللىرىنى زەنجىردە باغلاپ ، جوغا سېلىپ كوچا

ئايلاندۇرغان ۋە بۇدساتۋاغا سىغىنىپ ئەپسۇن ئوقۇشقان. چوڭ بۇتىنى شەھەر كوچىسىنى تولۇق بىر ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئورنىغا ئاپىرىپ قويۇشقان. كىشىلەر ئويلاپ تاپقان بۇ ئۆزەكى چارە - ئۇسۇل، دىنىي پائالىيەتلەر كېسەللىكنى قىلچە تىزگىنلىيەلمەي، 40 كۈن داۋاملىشىپ، 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆزلۈكىدىن پەسكويغا چۈشكەن. يۇقۇملىنىشمۇ بارا - بارا تۆگەشكە باشلىغان. شەھەر بويىچە قارا كېزىك كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان كىشى تەخمىنەن 3000 غا يېقىن بولۇپ، بۇلاردىن 1500 گە يېقىنى تېۋىپلارنىڭ كۆيۈنۈپ داۋالىشى ۋە تاسادىپىي سەۋەبلەر بىلەن ئامان قالغان بولسىمۇ، قالغىنى ھاياتىدىن ئايرىلغان.

1935 - يىل 4 - ئايدا، سەمەن يېزىسىنىڭ خەلۋاب كەنتىدىكى بىر كىچىك سودىگەرنىڭ ئۇلۇغچاتتىن سۇغۇر تېرىسى سېتىۋېلىپ كېلىشى سەۋەبىدىن شۇ كەنتتە چۇما (تائۇن) كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك تارقالغان كۈنىلا سۇغۇر تېرىسى سېتىۋالغان كىشى ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆلۈپلا قالماي، ئەتراپتىكىلەرگىمۇ يۇقۇشقا باشلايدۇ. دەل شۇ مەزگىلدە، ئۈرۈمچىدىن بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەرگە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئەھۋالنى دەرھال ئۈرۈمچىگە يوللىغاندىن كېيىن، يەرلىك ھۆكۈمەت ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكىدىن ئەنسىرەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىك دوختۇرلىرى تېزدىن يېتىپ كېلىپ، كېسەللىك كۆرۈلگەن شۇ كەنتنىڭ ئۆزىدە چېدىر

تىكىپ ئورۇنلىشىپ، بىر تەرەپتىن ئاغرىقلارنى داۋالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن كېسەللىك يۈز بەرگەن دائىرىنى قاتتىق كارانتىن قىلىپ، يۇقۇش، يۇقۇملىنىش مەنبەسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلايدۇ ۋە يېقىن ئەتراپتىكى بارلىق كىشىلەرگە مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرىدۇ. قارا كېزىك كېسەللىكىنىڭ ئازابى بىلەن يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن قەشقەر شەھەر خەلقى ئاكتىپلىق بىلەن مۇداپىئە ئوكۇلى سالدۇرۇپ، بويۇنلىرىغا قاتار - قاتار سامساق ئېسىۋېلىشىدۇ، شەھەر بىلەن سەمەن يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بىر مەزگىل تامامەن ئۈزۈۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەمەن يېزىسىنىڭ بىر كەنتىدە پەيدا بولغان چۇما كېسەللىكى تېزلا تىزگىنلىنىپ، خەلقنىڭ ھاياتى خەتەردىن قۇتۇلىدۇ.

قەشقەر شەھەر خەلقى بۇ ئىككى قېتىملىق يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان يىللارنى ئەسلىگىنىدە، ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش جەھەتتە قىلغان غەمخورلۇقلىرىغا رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايدۇ.

# قەشقەرنىڭ «ھەزرەت» سەيلىسى

«ھەزرەت» دېگەن بۇ سۆز قەشقەردە ئاپپاق خوجا نامى بىلەن ئاتالغان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مازىرى جايلاشقان مەلۇم دائىرىنىڭ نامى. ئۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆت كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆتمۈشتە بۇ يەردە ھەر يىلى بىر قېتىم چوڭ سەيلە بولۇپ تۇراتتى. بۇ سەيلە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارىخىي ئەنئەنە بولۇپ قالغاچقا، باشقا ناھىيىدىكى كىشىلەرمۇ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ھاياتىدا بىرقانچە قېتىم بۇ جايغا كېلىپ سەيلە قىلىپ قايتىشاتتى. سەيلە «ھەزرەت»تە بولغاچقا، ئۇزاق يىللاردىن بېرى بۇ سەيلىنى «ھەزرەت سەيلىسى» دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

بۇ سەيلە ھەر يىلى ئۇجمە پىششىقىدا باشلىنىپ، ئۆرۈك تازا مەي باغلاپ پىشقانغا قەدەر داۋاملىشاتتى. يىراق ناھىيىلەردىن كەلگەنلەر كۆپ بولۇپ كەتسە، سەيلە 7 ـ ئايغا قەدەر سوزۇلاتتى. بۇ سەيلە كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا شۇنچىلىك سىڭگەن ئىدىكى، بۇنىڭغا قېرىلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە قىز ـ ئاياللار ئۇزاق يوللارنى ھارۋىدا،

ئېشەكتە بېسىپ، بەزىلىرى پىيادە مېڭىپ كېلىشەتتى. يىگىتلەر ئۆيلەنمەكچى بولغاندا، قىزلارنىڭ ئۇلارغا قويىدىغان مۇھىم شەرتى ئۆزلىرىنى «ھەزرەت» سەيلىسىگە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولاتتى، ئەگەر تېخى توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمىگەن چاغدا «ھەزرەت» سەيلىسى بولۇپ قالسا، قىز مەخسۇس ھازىرلانغان ھارۋىدا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، قىز ئىگىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا سەيلىگە قاتناشتۇرۇلاتتى. ئەگەر بۇ شەرت ئورۇندالمىسا، ئۇلارنىڭ تويى بۇزۇلاتتى. ئەگەر توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغان بولسا، سەيلىگە ئېلىپ بارمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاجرىشىپ كېتىش ھادىسىلىرىمۇ كۆرۈلەتتى. مانا بۇ بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن قائىدە ئىدى، شۇڭا بۇ سەيلىگە بېرىشنى ھاياتىدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى دەپ بىلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولاتتى.

«ھەزرەت» سەيلىسى بۇرۇن شەنبە كۈنى باشلىنىپ راسا قىزىپ كېتەتتى، بىراق 1935 - يىلىدىن كېيىن جۈمە كۈنىگە ئۆزگەرتىلگەن، بۇنىڭدىكى سەۋەب 6 - دىۋىزىيە ئەسكەرلىرى ۋە بارلىق ئىدارە - ئورگانلاردىكى مىللىي خادىملارنىڭ بۇ سەيلىدىن بەھرىمەن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغان، ھەپتىلىك دەم ئېلىش كۈنى جۈمە كۈنىگە توغرىلانغان، شۇنىڭدىن كېيىن جۈمە كۈنى سەيلىگە چىقىش ئادەتكە ئايلانغان.

بۇ سەيلە ئادەتتە ئىككىگە بۆلۈنەتتى، بۇنىڭ بىرى مازار دائىرىسىنىڭ تېشىدا بولۇپ، تاشقى سەيلىگاھ دەپ ئاتىلاتتى. ئۇزۇن كەتكەن بىر كوچا سەيلە كۈنلىرىدە

ئاۋات رەستىگە ئايلىناتتى، رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا گەزلىمىچىلەر، يىمىشچىلەر ئولتۇرۇپ ئوقەت قىلىشاتتى، رەستىنىڭ مازارغا ياندىش قىسمىدا بولسا، يىمەكلىك ۋە ئۇسسۇزلۇق ساتقۇچىلار ئوقەت قىلىشاتتى. بۇ چاغدا شەخسلەر سالغان ھويلا ۋە باغلار مېھمان كۈتۈش ئورنى سۈپىتىدە سەيلىچىلەرنى كۈتۈۋالاتتى. بۇنداق چاغدا ھويلا ۋە باغلاردا نەغمە - ناۋالار ياڭراپ ھەممىلا يەر شاد - خۇراملىققا چۆمەتتى. مانا بۇلار تاشقى سەيلىگاھنىڭ ئەينەن كۆرۈنۈشى. سەيلىنىڭ يەنە بىرى مازار دائىرىسىنىڭ ئىچىدە بولاتتى. ئىچكى سەيلىگاھ بولسا، تاشقى سەيلىگاھتىن چوڭ بىر دەرۋازا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى. سەيلىچىلەر بۇ دەرۋازىدىن كىرىشى بىلەنلا ھەر تۈرلۈك ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئۇلارنى كۈتۈۋالاتتى. مىغىلداۋاتقان ئادەملەر، ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرگەن كۆچمە ئوقەتچىلەر سىغىشمىغان ھالدا ھەرىكەت قىلىشاتتى ... ئوقەتچىلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ خېرىدار چاقىرىشلىرى، ساماۋارخانىلاردا چېلىنىۋاتقان نەغمە - ناۋالار، ئاشپەز، ناۋايلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ توۋلاشلىرى ئالەمنى بىر ئالاتتى ...

تاشقى سەيلىگاھتىكى كۆل سۈيىگە پۇتلىرىنى چىلاپ ئولتۇرۇشقان سازەندىلەر بىر - بىرىگە مۇسابىقە ئېلان قىلغان ھالدا ساتار، دۇتار، تەمبۇر، غېجەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى بولۇشىغا ياڭرىتىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. باشلىرىغا دەستىلەنگەن پىيالىلەرنى قوندۇرۇپ، جۈپ چاقىلداق تاشلىرىنى چاقىلدىتىپ ئۇيغۇر

ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان ئۇسسۇلچىلار كىشىلەرنى مەپتۇن قىلاتتى .

— ياغ يەپ كەت ! گۆش گىرىدە ، خېمىرى مېغىزدىن ، تونۇرى سېغىزدىن ، ناپلا گۆشنە ئەتتىم ! — دەپ بىر سامسىپەز ۋارقىرىسا ، يەنە بىر سامسىپەزمۇ بوش كەلمەي :

— بىرنى يېسەڭ تىلىڭ تۇرىسەن ، ئىككىنى يېسەڭ گۆلەيشىپ قالىسەن ، ئۈچىنى يېسەڭ سۇدا ياتمىساڭ بولمايدۇ ، تۆتنى يېسەڭ ئورنىڭدىن قوپالمايسەن ، بەشنى يېمەكچى بولساڭ تىلىڭدىن خەت بېرىسەن ، — دەپ ۋارقىرايتتى . پولۇچىلار بولسا :

تەنگە قۇۋۋەت ، پۇتقا ماغدۇر ، جانغا دەرماندۇر پولۇ !
ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشتا شاھى سۇلتاندۇر پولۇ .
ھەر كىشى كەتسە يېمەستىن قالغۇسى ئارمان بىلەن ،
چۈنكى ھەربىر لوقمىسى تىللاغا ئەرزاندۇر پولۇ !

دەپ قوشاق قېتىشاتتى . ئاشپەزلەرمۇ :

— ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ سۇيقاش ( سۇيۇق ئاش ) ، بىر قاچا ئىچمىگەننىڭ ھاردۇقى چىقمايدۇ ... ، — دەپ تووۋلىشاتتى .

باققال ئاتالغان يېمىشچىلەرنىڭ دۇكانلىرىدىمۇ سودا قىزىپ كېتەتتى . ۋاسالغۇ ئۈزۈم ، قاپاق ئۈزۈم ، كۆك يېمىش ، قىزىل يېمىش ، شاپتۇل قېقى ، بادام ، قارىئۆرۈك قاتارلىقلار تاغار ، قاپلاردا تۇرۇپ كېتەتتى . سۆپسۈزۈك

ناۋاتلار خېرىدارلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇراتتى .

دوغاپچىلار مۇھىم دوقمۇشلارنى ئىگىلىۋېلىپ ، قېتىقتىن - سۈزمىدىن ئىشلەنگەن دوغاپ ، سىركەنجىۋىل ، سىركە ، ئۈزۈم شىرنىلىرىدە ئەتكەن جۇلاپلىرىنى « مۇز داۋاندىن مۇزلاپ كەلگەن ، مايماق تۆگىگە ئارتىپ كەلگەن » دەپ ماختاپ ، ئىسسىقتا ئۇسسۇغان خېرىدارلارنى ئۇسسۇزلۇققا قاندۇراتتى .

چوڭ كۆلتىنىڭ نېرىقى چېتىدە قېتىق - قايماق ساتىدىغان يېزا ئاياللىرى مۇزدەك ، قويۇق قېتىق - قايماق بىلەن خېرىدارلارنى كۈتۈۋالاتتى ، قېتىق - قايماق يەپ كۆنگەن يېزا خەلقى قېتىققا نانلىرىنى چىلاپ يەپ ھوزۇر ئالاتتى ...

مانا بۇلار « ھەزرەت » سەيلىسىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش جەريانلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسى ئىدى . بۇ سەيلە سۈتتۇق بۇغراخان مازىرىدىكى ئاتۇش سەيلىسى ، بەشكېرەمدىكى بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى سەيلىسى ، چارشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراد بەخش ئاتام مازىرى سەيلىسى ، جۈمە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئارسلانخان مازىرى سەيلىسى ، شەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇۋى ئانام مازىرى سەيلىسى قاتارلىق سەيلىلەرگە قارىغاندا كىشلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولۇپ ، ئالاھىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلەتتى .

دېمەك ، « ھەزرەت » سەيلىسى بىر يەرمەنكىنىڭ رولىنى ئوينايتتى ، ئۇ بۇ يۇرتنىڭ مەمۇرچىلىق ۋە باياشاتلىقىنى نامايان قىلىپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئويۇن -

تاماشىغا ئامراق، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ھېرىسمەن خەلق ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تارىخىي، ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى.

# قەشقەرنىڭ 1933 - يىلىدىن 1946 - يىلىغىچە بولغان مەتبەئەچىلىكى ۋە نەشرىياتچىلىقى

قەشقەردە مەتبەئەچىلىك XX ئەسىر كىرىشى بىلەنلا پەيدا بولغان، ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. تاش مەتبەئە: تاش مەتبەئە مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئابدۇلۋارىس ئەزىزى دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە سىرتتىن سېتىۋالغان باسما ماشىنىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا قەشقەردە قۇرۇلغان «ئۆلىمالار جەمئىيىتى» تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «نەسىھەتى ئام» ۋە «40 ھەدىس» قاتارلىق رىسالىلەر، دىنىي تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى، ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن بولغان ئالىمجان ئەلبارادۇنىنىڭ كىتابلىرىدىن پارچىلار قاتارلىق دىنىي ئەسەرلەر بېسىلغان، بۇ مەتبەئە ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەستكە ئۇچراش سەۋەبىدىن ئىشلىتىشتىن قېلىپ، بۇزۇلۇپ يوقالغان.

2. مىللىي مىخ مەتبەئە: مىللىي مىخ مەتبەئە قەشقەرلىك مۇھەممەد ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، بۇ مەتبەئەنىڭ ھەرپلىرى كەسمە

شەكلىدە ياغاچتىن ئويۇلغان . ھەرپ شەكلى قوغۇشۇن ھەرپلەرگە قارىغاندا قوپالراق بولسىمۇ ، سۈپەت جەھەتتە خەتلىرى كۆركەم ۋە ياخشى ئىدى . بۇ مەتبەئە ئۇيغۇر دىنىي جەمئىيىتىگە زور خىزمەت كۆرسەتكەن . بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى سۇسلاشقان مەزگىللەردە ئىسلام دىنىدىكىلەرنى دىنىي دەرسلىكلەر بىلەن تەمىنلىگەن . بۇ مەتبەئەدە « ھەپتىيەك » زىر - زەۋەر بەلگىلىرى بىلەن بېسىلىپ ، تالىپلار ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەنگەن ، شۇنىڭدەك ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ «ئاقائىد زۆرۆرىيە » (زۆرۆر ئەقىدىلەر) ، « ئىبادەت ئىسلامىيە » قاتارلىق دىنىي تەلىم كىتابچىلىرى بېسىلغان .

3 . قوغۇشۇن مەتبەئە : قوغۇشۇن مەتبەئە بىرىنچى قېتىم شۋېد دىن تارقاتقۇچىلىرى تەرىپىدىن 1905 - يىلدىن كېيىن ياۋروپادىن كەلتۈرۈلگەن ، ئىككىنچى قېتىم 1937 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن .

شۋېتسىيىنىڭ « شۋېد مىسسىئۇن » مەتبەئەسى قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان مەتبەئە بولۇپ ، ئۇ چوڭ - كىچىك مەتبەئە دەپ ئايرىلغان ، چوڭ مەتبەئەدە گېزىت باسقىلى بولسا ، كىچىك مەتبەئەدە تالون باسقىلى بولاتتى . ئۇنىڭ ھەرپلىرى ئەرەب يېزىقى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر چاغاتاي يېزىقى ھەرپلىرى ئىدى . بۇ ھەرپلەر ئىككى خىل بولۇپ ، بىرى زىر - زەۋەر بەلگىلىرى بار ھەرپ ، يەنە بىرى زىر - زەۋەر بەلگىلىرى يوق ئادەتتىكى ھەرپ ئىدى . بۇمۇ چوڭ - كىچىك ھەرپ ، ئوتتۇرا ھال ھەرپ دەپ بىرنەچچە

خىلغا بۆلۈنەتتى.

شۋېد مەتبەئەسى 20 يىل خرىستىئان دىنى تەرغىباتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. بۇ مەتبەئەدە نۇرغۇن رىسالىلەر بېسىلىپ تارقىتىلغان. نۇرغۇن كالېندارلار بېسىلىپ سېتىلغان، تىجارەتچىلەرنىڭ تالونلىرى بېسىلىپ پۇل تېپىلغان. بۇ مەتبەئەدە 1936 - يىلغىچە قەشقەردە چىقىرىلغان گېزىتلەرنى بېسىپ بېرىپ پايدا تېپىلغان. بۇ مەتبەئە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغاندىن كېيىن، قەشقەر ئاندىن شۋېدلەرنىڭ مەتبەئەچىلىك جەھەتتىكى مونوپولىيىسىدىن قۇتۇلغان.

قەشقەردە باسمىدا بېسىلغان گېزىت 1933 - يىلدىن باشلاپ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. دەسلەپتە «ئەركىن ھايات گېزىتى» نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ، قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئارقىلىق مەيدانغا چىققان، بۇ گېزىت دەسلەپتە بىر بەت، كېيىن ئىككى بەت چىققان. بۇ گېزىت كىشىلەرنى يېڭى ھايات ئۈچۈن ئويغىنىشقا چاقىرىق قىلىش، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىش يۈزىسىدىن چىقىرىلغان. بۇ گېزىت ئاران ئىككى يېرىم ئايلا نەشر قىلىنغان. شۇ چاغدا مۇھەممەد ئىمىن سوپىزادىنىڭ مۇھەررىرلىكىدە «ئىستىقلال» دېگەن بىر سان ژۇرنالمۇ چىقىرىلغان. بۇ ژۇرنال ما جۇڭيىڭ قوشۇنى قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىشى بىلەن ئەمەلدىن قالغان.

كېيىن «يېڭى ھايات گېزىتى» نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ گېزىت 1934 - يىل 23 - ئاۋغۇستتىن باشلاپ

چىقىرىلغان. بۇ گېزىت دەسلەپتە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ مۇدىرلىقىدىكى قەشقەر مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىئانىگە تايىنىپ چىقىرىلغان. 1936 ـ يىلدىن باشلاپ، قەشقەردە قۇرۇلغان قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدا داۋاملىق چىقىرىلغان. ئۇنى 1937 ـ يىلى كىرىشى بىلەن قۇرۇلغان « قەشقەر گېزىتى » ئىدارىسى باشقۇرغان.

« يېڭى هايات گېزىتى » « قەشقەر گېزىتى » ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، يېڭى مەتبەئەدە بېسىلىپ، خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان گېزىتىگە ئايلىنىپ، گېزىتنىڭ تىراژى 27 مىڭدىن ئاشقان. بۇ گېزىت ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور تۆهپە قوشقان.

خەلقنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن شېڭ شىسەي 1937 ـ يىلىنىڭ بېشىدىلا بۇ گېزىتنى توختىتىۋەتكەن.

ئەڭ ئاخىرىدا « قەشقەر ـ شىنجاڭ گېزىتى » نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ گېزىتنىڭ نامىنىڭ مەلۇم مەزگىل ئۆزگەرگەنلىكىنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئۇزاق يىل چىقىرىلغان.

# چەت ئەلنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارشى كۈرەش

تارىختىن بۇيان چەت ئەل كۈچلىرى ساياھەت، تىجارەت قىلىش باھانىسى بىلەن ياكى ھەربىي كۈچكە تايىنىپ، يۇرتىمىزغا باستۇرۇپ كىرىپ ۋە ياكى سىڭىپ كىرىپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ۋە باشقا قىممەتلىك ماددىي بايلىقلىرىمىزنى بۇلاپ ۋە تالان - تاراج قىلىپ، مۇقەددەس زېمىنىمىزنى ئاياغ - ئاستى قىلغان، خەلق ئۈستىدىن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىش بىلەن قالماستىن، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىمۇ تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان. شۋېد دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ قىلمىشلىرى بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى.

شۋېد دىن تارقاتقۇچىلىرى شىنجاڭغا 1900 - يىلى ئەتراپىدا كەلگەن. ئۇلار دەسلەپتە قەشقەر، يېڭىسار ۋە يەكەن قاتارلىق جايلاردا غەربچە داۋالاش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، كېسەل داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ، ئۇلارنىڭ نىقابى ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان.

شۈيىدىن تارقاتقۇچىلىرى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، شەھەرنىڭ غەربىي، شىمالىي ياقىسىدىكى «گۈلباغ»نىڭ جەنۇبىدىكى سېپىل يېنىغا بىنا سېلىپ، دوختۇرخانا ئاچقان. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن كېسەلخانا تەسىس قىلغان. بۇ جاي «خەستەخانە» دەپ ئاتالغان. كېيىن بۇ جايغا «بەيتىخۇدا» (خۇدانىڭ ئۆيى) دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ، كىچىك «كەلىسا» (بۇتخانا) غا ئايلانغان. ئۇلار بۇ «كەلىسا» دا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق دىن تارقىتىپ، مۇرىت توپلاپ، ئۇلارغا «مەسىھ ئېيسا پەيغەمبەرنىڭ يولى» ئەقىدىسىنى سىڭدۈرگەن.

xx ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگۈچىمۇ قەشقەردە تۈزۈكرەك بىر داۋالاش ئورنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كېسەل بولۇپ قالغانلار چەت ئەل دوختۇرخانىسىغا بېرىپ كېسەل كۆرسىتىشكەن. بولۇپمۇ شۈيىد دوختۇرلىرىنىڭ كېسەل داۋالاش ئۈنۈمى ياخشى بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇلار جەلپ قىلىۋالغان. ھەركۈنى بىرقانچە يۈز كېسەللەر ئەتىگەندىلا «بەيتىخۇدا»نىڭ كېسەل كۆرۈش ئۆيى ئالدىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئۆچىرەت ساقلاپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. بۇ چاغدا ياندىكى ئۆيدىن ئىبادەت قىلىشىۋاتقان، گارمون ۋە روياللارغا تەڭكەش قىلىپ «مۇناجات» ئوقۇۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

شۈيىدلەر يەنە ئۆز دۆلىتىدىن مىخ مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا كىتابچىلارنى باستۇرۇپ كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆچىرەت ساقلاپ تۇرغان كىشىلەرگە تارقىتىپ بەرگەن. ھەقسىز

تارقىتىلغان بۇ كىتابچىلاردا قىزىق ھېكايىلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دىنني ئەقىدىلىرى تەرغىب قىلىنغان. كىتابچىدا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىن ئىبارەت ئىككى ئالەمنىڭ قۇتقازغۇچىسى ئېيسا دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ھېكايىدا كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا - قازالارنىڭ ئېيسا مەسىھۇللانىڭ باشپاناھلىقى بىلەن خالاس بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

كىشىلەر بۇ كىتابچىلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىگە يات بولغان بۇنداق نەرسىلەردىن يىرگىنىشكەن. ئەمما، بەزىلەر كېسىلنىڭ ساقىيالماي قېلىشىدىن قورقۇپ، كىتابچىنى ئېلىپ قوينىغا سېلىپ قويۇشقان، ئەقىدىسى چىڭ بەزى كىشىلەر كىتابچىنى شۇ يەردىلا يىرتىپ تاشلاپ نارازىلىق بىلدۈرۈشكەن. لېكىن، شۋېد ۋە ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى بۇ ئىشتىن ئەجەبلەنمەيتتى، ئۇلار بەزىلەرنىڭ كىشىلەر ئىشەنمەيدىغان بۇنداق كىتابنى تارقىتىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار دەپ سورىغان سوئالىغا: «كىشىلەرنىڭ بۇ كىتابلارنى ياقتۇرمايدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. لېكىن، بىز غايە ئۈچۈن سەۋر قىلىمىز. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تولىسى ساۋاتسىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كىتابقا ھۆرمەت قىلىش، كىتابتىن ئاڭلىغانلىرىغا ئىشىنىش پسىخىكىسى كۈچلۈك، بولۇپمۇ سەھرالىقلار ئوقۇمىغانلىقتىن نادان قالغاچقا، كىتابنى كۆيدۈرسە، ئاياغ ئاستى قىلسا، يامان بولىدۇ دەپ قاراپ، ئېگىز جايغا ئېلىپ قويىدۇ. يىللار ئۆتىدۇ، ھەتتا 40 — 50 يىللارمۇ ئۆتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى بۇ كىتابلارنى

ئوقۇيدۇ ۋە ئوقۇتۇپ ئاڭلايدۇ. نەتىجىدە ئۇلار تارىختا ئاتا - بوۋىلىرىمىز مانا مۇشۇنداق ئەقىدىدە بولغان ئىكەن دەپ قارايدۇ - دە، بۇ ئەقىدە ئۇلارغا ئۆزلىشىدۇ. شۇ چاغدا بىز غەلىبە قىلغان بولىمىز ...» دەپ جاۋاب بەرگەن. چەت ئەل دىن تارقاتقۇچىلىرى مانا مۇشۇنداق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق سىياسىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە سىڭىپ كىرىپ، خەلقنى مەنىۋى قۇللۇققا مەھكۇم قىلماقچى بولغان.

شۇيىدلەر ئىگە - چاقىسىز، يېتىم - يېسىر باللارنى يىغىپ تەربىيىلەپ، ئۇلارغا خرىستىئان دىنى ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى يولدىن ئازدۇرغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى سېستىرا ۋە كېسەل كۈتكۈچى قىلىپ تەربىيىلەپ، ئامبۇلاتورىيە ۋە كېسەلخانىلارغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان. يەنە بىر قىسمىنى نابورچىك قىلىپ تەربىيىلەپ، باسما ئىشلىرىغا سالغان. ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلىتىپ، خەلقىمىزنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ نۇرغۇن بايلىق توپلىغان.

چەت ئەللەرنىڭ مۇشۇنداق سىياسىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە يەرلىك ھۆكۈمەت قارشى تۇرماستىن، بەلكى ئۇلارغا يولنى كەڭ ئېچىپ بەرگەن. چەت ئەل كۈچلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن. ئۇلار يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلاردا شۆبە ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، نامرات كىشىلەرنىڭ باللىرىنى پۇلغا قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇرىتى ۋە مەنىۋى قۇلى قىلىپ تەربىيىلەشكە ئۇرۇنغان.

مانا مۇشۇنداق قىلمىشلار يۇرتىمىزدا بىر پاجىئە بولغان. بۇنداق قىلمىشلارنى چەكلەش، توسۇش ۋە تۈگىتىش ۋەزىپىسى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن، ۋەتەنپەرۋەر زاتلاردىن ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شۈبھىلەرنىڭ قىلمىشلىرى يامان ئىشلىرىنىڭ ئىچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىنى يۇرت كاتتىلىرىغا، خەلق ئاممىسىغا چۈشەندۈرگەن ھەمدە ئۆزى ئوتتۇرىغا چىققان. شۇنىڭ بىلەن شۈبھىدىن تارقاتقۇچىلىرىغا قارشى ھەرىكەت قوزغالغان.

ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى باشچىلىقىدىكى چەت ئەل دىن تارقاتقۇچىلىرىغا قارشى ھەرىكەت قەشقەردە قوزغالغان ئىككىنچى قېتىملىق ھەرىكەت بولغان. بىرىنچى قېتىملىق ھەرىكەت بۇنىڭدىن 10 يىللار ئىلگىرى چاررۇسىيىنىڭ قەشقەرگە كېلىپ خەلقلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان جازانىخورلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان «قازىكالان» موللاخون دارازا باشچىلىقىدىكى ھەرىكەت بولۇپ، بۇ ھەرىكەت چاررۇسىيە كونسۇلخانىسىنى زىلزىلىگە سالغان ئىدى. بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق قەشقەر خەلقى راپائىل، شەمئۇن قاتارلىق 10 جازانىخورنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارغان ئىدى.

بۇ قېتىم ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 200 چە تالىپلار ئاپئاق سەللە يۆگەپ، شۈبھىدىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ «بەيتى خۇدا» سىغا باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ، قەشقەردىن كېتىشنى تەلەپ قىلغان. ئەگەر،

پەردا قاتارلىق كىشلەر ۋە سادىق مۇرىت ئايال دوختۇرلار قورقۇپ كېتىپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئالغان. ناماينىشچىلار شۆپىد دىن تارقاتقۇچىلىرى باسقان كىتاب ۋە باشقا مەتبەئە بۇيۇملىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. بۇ ھەرىكەت دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس ئەزىزى سۇيىقەستكە ئۇچراپ، ئالەمدىن ئۆتكەن.

چەت ئەل دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەرىكەت شۇنىڭ بىلەن ۋاقتىنچە توختاپ قالغان.



A. Resit Ali
17. 09. 2000


本书叙述我国解放前在喀什发生的一些事件及一些地名，名胜古迹的起因等。

جاۋابكار مۇھەررىرى : ئوبۇلقاسىم مۆمىن
جاۋابكار كوررېكتورى : قەمبەرگۈل ئوسمان
تېخنىكىلىق تەھرىرى : غولام ئەبەيدۇللا


# قەشقەر تەزكىرىسىدىن تەرمىلەر


مۇھەممەتئىمىن قۇربانى ( ئىشقى )



نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قۇربانى

( ماقالىلەر توپلىمى )

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787 مم ، 32 / 1
باسما تاۋىقى : 3.875 قىستۇرما ۋارىقى : 2
1999 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5080 —— 1

---

ISBN7 — 5373 — 0728 — 8/K. 25

باھاسى : 5.00 يۈەن